5
1989



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION



ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن: ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ (سولدىن 1-) بىلەن بىلال ئەزىزى (ئوتتۇرىدا)
— سۈرەتنى ئېيرىپ خوشتار ئەۋەتكەن

شىنجاڭ مەدەنىيىتى     قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

38 - يىل نەشرى     1989 - يىل 5 - سان (ئومۇمىي 180 - سان)

# بۇ ساندا

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ............ تۆمۈر داۋامەت 2

شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى ......... رەشىد ئەزىزى 7

شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى «12 مۇقام» ھەققىدە ئۈچىنجى قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى ............ ئابدۇۋاھىد نىياز 7

## ئەدەبىيات گۈلزارى

بىزمۇ ئاتا - بوۋا ............ (ھېكايە) ............ خالىدە ئىسرائىل 9

ئادەملەر ............ (شېئىر) ............ مۇھەممەتجان راشىدىن 16

تەسىرات دېڭىزىدىن تامچىلار ............ ئىبراھىمجان ئايۇپ 74

غەيرەتجان غوپۇرى، تۇرسۇن مۇسا، ئەنۋەر ساۋۇت، مۇھەممەت تەشنائىي، ماھمۇت مۇھەممەت

## تارىختىن سۆز

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى..... نىزامىددىن ھۈسەيىن 64

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخ

كۆجەي قىياتاش رەسىملىرى ............ ئابدۇقەييۇم خوجا 27

## سەھنە ماتېرىياللىرى

پاكلىق ............ (دراما) ............ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 17

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

كۆزپەرخان ............ (چۆچەك) ............ ئىجادىي رەتلىگۈچى: ئابلەت ئابدۇللا 57

چېچەن ............ رەتلىگۈچىلەر: توكەن ئەمرە، ئىبراھىم سۇلايمان 80

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئىككى ساتىرا ............ م. كروسوۋ، ي. دروبىتس 76

مۇقاۋىدا: مۇقامشۇناس، مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا (1881 — 1956) ئىمىنجان سىزغان. مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: تويغا (سۇ بوياق) پەرھاد ئىبراھىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان)

تەھرىر ھەيئىتى مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان ماموت (بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى:

مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىددىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان ماموت، ساتتار توختى

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

تۆمۈر داۋامەت

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى)

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق «ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بۈگۈن ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا. يىغىن مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. مېنىڭ ئالاھىدە بۇ يىغىنغا كېلىشىم: بىرىنچىدىن، كۆپچىلىكنى يوقلاش، يولداشلارنىڭ مۇقام تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجىر-ئەمگىكىگە رەھمەت ئوقۇش؛ ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەشتىن ئىبارەت.

مەن مۇقام تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس بولمىساممۇ، لېكىن مۇقامنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، مۇقامغا بولغان ھەۋىسىم بەك كۈچلۈك. ئالدىنقى كۈنى كۆپچىلىك مېنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاپتۇ، يولداشلارنىڭ ماڭا بىلدۈرگەن ئىشەنچىسىگە رەھمەت. مۇقام تەتقىقاتىدا تېزرەك نەتىجە ھاسىل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغانلىقىم مۇناسىۋىتى بىلەن مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتى ھەققىدە بىر قانچە پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى دەپ شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر «12 مۇقام»ى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غۇرۇرى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ غۇرۇرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غۇرۇرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك-بىباھا مىراس ھېسابلىنىدۇ. بۇ نادىر مۇزىكا ئەسىرى — ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي، ھوزۇر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. مۇقام تەتقىقاتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇقام تەتقىقاتىنىڭ كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە چوقۇم يېڭى بىر پەن شەكىللەنگۈسى. مۇقام تەتقىقاتىنى چۆرىدىگەن

(1989 - يىل 3 - سان)

ھالدا مىللەت، دىن، تارىخ، تىل، ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، مىللىي ئۆرپ-ئادەت جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ، بۇ تۈپكى مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇزىكا ساھەسىدىكى بۇ نادىر ئەسەرنى يېڭىباشتىن نۇرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مۇزىكا ساھەسىدىكى بۇ نادىر ئەسەرنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1951-يىلىدىن باشلاپ سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ «مۇزىكا گۇرۇپپىسى» دىكى ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىق 12 نەپەر يولداش «12 مۇقام» تەتقىقاتى جەھەتتە جاپالىق خىزمەت ئىشلىگەن ھەمدە مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇندىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نوتىغا ئالغان، شۇ ئاساستا 1960-يىلى «12 مۇقام» نوتىلىرى نەشر قىلىنغانىدى. 1965-يىلى «نۇشاق» مۇقامى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، مۇقام ئاھاڭلىرى ئاساسىدا يەنە يېڭى دراما ئىجاد قىلىنىپ، قەدىمكى سەنئەت بىلەن ھازىرقى زامان مۇزىكا، ئۇسسۇلىنى بىرلەشتۈرۈش — «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش» جەھەتتە ئاز-تولا پايدىلىق سىناق ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىزدىنىلگەنىدى.

1976-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇردى. 1982-يىلى يەنە مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى قۇردى ھەمدە 1985-يىلى ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئارىلىقتا ئۇزاق يىللار ئۈزۈلۈپ قالغان مۇقام تەتقىقاتى نورمال ئىزغا سېلىنىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ توققۇز يۈرۈش مۇقام رەتلەپ چىقىلدى، ئالتە يۈرۈش مۇقامنىڭ قاپلىق ئۈن ئالغۇ لېنتىسى نەشىردىن چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى — 12 مۇقام»، «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى» قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر نەشر قىلىنىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1986-يىلىدىن بۇيان، «چەبىيات» مۇقامى ئەنگلىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايون، بېيجىڭ، چىڭداۋ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە نەچچە ئون مەيدان ئورۇندىلىپ، قالتىس مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى.

دەرۋەقە، بىز بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالالمايمىز، مەيلى مۇقامنى توپلاش، رەتلەش نۇقتىسىدىن ئالايلۇق، مەيلى تەتقىقات نۇقتىسىدىن ئالايلۇق، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىمىز تېخى ناھايىتى مۇشكۈل، ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلىرىمىز ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ مۇقام تەتقىقاتىنى ئەمدىلا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

مۇقامنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا، بىز ئەدەبىيات-سەنئەتنى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا

يېڭىلىق يارىتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلىشىمىز لازىم.

مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا، بىرىنچىدىن، ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىدىن تىرىشىپ پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى يېڭىلاپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز؛ ئىككىنچىدىن، ئەنئەنىۋى ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت جەۋھەرلىرىنى رەتلىشىمىز، نەشىر قىلىشىمىز ۋە خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشىمىز، شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى بېيىتىشىمىز لازىم. مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە سەل قاراش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى خاتا، بۇنداق پوزىتسىيىنى تۈزىتىش كېرەك. ئەنئەنىنىڭ يېڭىلىرى بىلەن كونىلىرىنى، مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئايرىماي، ئۆز پېتىچىلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىش نۇقتىنەزەردىن مۇۋاپىق ئەمەس. توغرا پوزىتسىيە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇش ۋە بېيىتىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

شۇنى كۆرسىتىشىمىز كېرەككى، بىز ھەم مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ھەم چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ ئۈرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ پەن- مەدەنىيىتى ھامان ئۆز ئارا ئالمىشىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى كۈنسايىن راۋاجلىنىشىۋاتقان شارائىتتا، دۆلەت بىلەن دۆلەت، مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىشلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنى يېكانە ھالدا راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بېكىنمە ھالەتنى يېرىپ تاشلاش — سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ھاياتىنى بېيىتىشنىڭ مۇھىم بىر يولى.

غەرب بۇرژۇئا دۇنياسىدىكى ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش؛ ئۇنىڭدىن باشقا، مەزمۇن جەھەتتە ئىلغارلىق رولىنى ئوينايدىغان، بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان نەرسىلەرنىمۇ ئۈرنەك قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش لازىم. لېكىن، بۇنداق ئۆگىنىش ۋە ئۈرنەك قىلىشنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن جەزمەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆزلەشتۈرۈش، قوبۇل قىلىش كېرەك. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۆز مىللىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش. ئەدەبىيات - سەنئەتنى بارغانسېرى قەدىمىيلەشتۈرۈۋېتىشكىمۇ، بارغانسېرى چەت ئەللەشتۈرۈۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ، ئومۇميۈزلۈك غەربلەشتۈرۈۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئىجادىيىتىمىز ئالدى بىلەن جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىلا، ئاندىن دۇنيا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىدا ئورۇن ئېلىشتىن ئېغىز ئاچالايمىز. مىللىي ئالاھىدىلىكى بولمىغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىز مۇقام سەنئىتىنىڭ خىلمۇخىل خاسىيەتلىرىنى تىرىشىپ تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساپاسىنى

ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئىلھام بېرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىپ، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

مۇقامنى تەتقىق قىلىش ئەمگىكى بىر خىل پەۋقۇلئاددە مەنىۋى ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا، بولۇپمۇ شەخسلەرنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خاتىرجەم تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن، تىنچ، ئىتتىپاق، دېموكراتىك ئىجتىمائىي مۇھىتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يارىتىپ بېرىش لازىم. ئوبزور ئەركىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب ۋە ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئەركىن رىقابەتلىشىشىنى، ئىلمىي يۇسۇندا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ئۆز ئارا تەنقىد قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي خادىملار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ھۆرمەتلىشى، چۈشىنىشى ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋە سۆھبەتلىشىشنى كۈچەيتىشى ھەم ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىشى لازىم. مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 1989 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى قۇرۇلدى. مۇقام ئانسامبلىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش ۋە تەتقىق قىلىش، زامانىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئۆرنەك بىلەن تەمىن ئېتىش. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بولسا، جەمئىيىتىمىزگە يۈزلىنىپ، ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا زامانىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سوتسىيالىستىك ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى يارىتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى كېلەر يىل 10 - ئايغىچە قالغان ئۈچ يۈرۈش مۇقامنى رەتلەش، ئۆگىنىش، ئورۇنداش خىزمىتىنى تاماملاپ، «12 مۇقام»نىڭ قاپلىق ئۈن ئالغۇ لېنتىلىرىنى تېزدىن تولۇق چىقىرىشقا تىرىشىشى لازىم. شۇنداقلا، «12 مۇقام» دىن كۆپلەپ چوڭ تىپتىكى نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، سەھنىلەشتۈرۈشى كېرەك. يۇقىرىقى ۋەزىپىلەر ئورۇنلانغاندىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك خۇلاسە چىقىرىش ھەم تۆھپە ياراتقان يولداشلارنى مۇكاپاتلاش لازىم.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئوخشاشلا مۇشكۈل. 1960 - يىلى «12 مۇقام» نىڭ نوتىلىرى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىر ئۇنى يەنە قايتىدىن قېزىش، توپلاش، تېكىستىنى رەتلەش، نوتىغا ئېلىش ۋە يېڭىباشتىن نەشر قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى ئون نەچچە يولداش بۇ جەھەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى ياراتتى، بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. دەرۋەقە، مۇقام تەتقىقاتىدا يەنە بىر مۇنچە نەزەرىيە مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە

قىلىشقا، بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئولتۇرغان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار تەتقىقاتنى تىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە خاس كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ مۇقام تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق كۆرۈشى لازىم.

مۇقام تەتقىقاتى جەريانىدا، خەلقئارادىكى ئىلمىي مۇھاكىمە ساھەسى بىلەن بولغان كەڭ ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، تەتقىقاتتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى مۇقامغا ئائىت ماتېرىياللارنى تىرىشىپ توپلاپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز، ھەر خىل خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر «12 مۇقام»نى تەشۋىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. سەنئەتكارلار «12 مۇقام» ئاساسىدا كۆپلىگەن نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا سەھنىسىدە كۆرسىتىشكە تىرىشىشى لازىم.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش ۋە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئوتتۇرا ياش، ياش زىيالىيلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ياخشى تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلىش ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ شەرەپلىك نام بېرىش كېرەك. زۆرۈر تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش ۋە تەربىيىلەش لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، مۇقام مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ئىجاد قىلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك.

يولداشلار، دۆلىتىمىز ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان، مەملىكەت گۈللىنىشكە قاراپ قەدەم تاشلاۋاتقان ئۇلۇغ تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز زىممىسىگە يۈكلەنگەن مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ۋەزىپە تۇيغۇسىنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، مۇقام تەتقىقاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تەلىپى، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى



# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى

رىشات ئەزىزى

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇخبىرى)

15 - ماي ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار مېھمانخانىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمغا بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، كورلا، خوتەن، ئىلى، تۇرپان، قۇمۇل، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى، ئالىملار، تارىخچىلار، مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن 130 كىشى قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقات پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، «يىپەك يولى» مەدەنىيەت سەنئىتىنى جانلاندۇرىدۇ، تارىخ، ئەدەبىيات، تىل، دىن، مۇزىكا، ئۇسسۇل جەھەتلەردىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقات جەمئىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ھەمكارلىق، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تونۇشتۇرىدىغان كىتاب، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى كۆپلەپ نەشر قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى رەتلەپ چىقىدۇ. ئەسلى نۇسخىسىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا «12 مۇقام»نى جانلاندۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇپ دۇنياغا يۈزلەندۈرىدۇ.

18 - ماي چۈشتىن كېيىن ئوچۇق تەكلىپ ۋە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ، مۇھەممەت زۇنۇن، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن ھاجى، ئەمەتجان ئەھمىدى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، جۇجىڭباۋ، ھۈسەنجان جامى، قاۋۇل تۇردى مۇئاۋىن رەئىسلىككە؛ ئەمەتجان ئەھمىدى باش كاتىپلىققا (قوشۇمچە)، جاڭفېڭگۇ، دۇياشۇڭ، مامۇت قاسىم، ئىبراھىم پەخرىدىن، ھۈسەيىن كېرىم مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا سايلاندى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى «12 مۇقام» ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى

ئابدۇۋاھىد نىياز

(«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» ھەققىدە تۇنجى قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

مۇھاكىمە يىغىنىغا بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، كورلا، خوتەن، ئىلى، تۇرپان، قۇمۇل، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مۇزىكا

تەتقىقاتچىلىرى، ئالىملار، تارىخچىلار، مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچىلاردىن 130 كىشى قاتناشتى.

15 - مايدىن 18 - مايغىچە تۆت كۈن داۋام قىلغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن ھاجى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇكېرىم راخمان، ئەمەتجان ئەھمىدى، سەيپەر ھوسەيىن...قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئالىم، مۇزىكا تەتقىقاتچىسى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى—«12 مۇقام»نىڭ شەكىللىنىشى، ئۇنىڭ مېلودىيىلىك ۋە تېكىستولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ھەر بىر تارىخىي دەۋر، جۈملىدىن دەۋرىمىزدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسلار بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. چوڭ يىغىن ۋە گۇرۇپپىلار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇزۇن يولداشلار «چەبىيات» مۇقامىنىڭ يېقىنقى يىللار ئىچىدە دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلىپ، دۆلىتىمىزگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىنى، «12 مۇقام» ھازىر ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرى قىزىقىۋاتقان مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇندىن كېيىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، لېنتىغا ئېلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى، «12 مۇقام»دىن كۆپلەپ چوڭ تىپتىكى نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بۇ بىباھا گۆھەرنى تېخىمۇ جۇلالىق نۇر چاچقۇزۇشنى تەكىتلىدى.

( بېشى 14 - بەتتە )

قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ...، — دېدى.

كوپېيلىك ھاڭ - تاڭ قالغاندەك جىمىپ كېتىشتى. خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خىجىل بولغىنىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ غودۇڭشىدى:

— ھەي... كىم بىلىپتۇ دېيسىلەر، ئۇنىڭ يېمەي - ئىچمەي، تاپقىنىغا كىتاب سېتىۋېلىپ يۈرگىنىنى... ھەي!

مەن ئەشۇ تونۇش يولنى بويلاپ قايتىپ كەلدىم. بۇ ئاجايىپ يېقىملىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. جەنۇب شامىلى چىقىۋاتاتتى. كەڭرى داللاردىن، يوللاردىن، ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. مەن بوۋاينىڭ داۋاملىق ئولتۇرىدىغان جايىغا قاراپ زېمىندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھورلار ئارىسىدىن ئۇنىڭ قامىتىنى غىل - پال كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ قامەت كۆز يەتكۈسىز ئۇلۇغۋار، نۇرانە ئىدى. ئەمما بىز چۇ؟ مەنچۇ؟ بىزنىڭ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىرىمىز يالغۇزكىتابلىمۇ؟ بىز ساقلاپ قالالمىغان نەرسىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئۈچۈن ئاتا - بوۋىلارنى قاغايمىز. بىراق، ئۆزىمىزنىڭمۇ كېيىنكىلەرگە ئاتا - بوۋا ئىكەنلىكىمىزنى داۋاملىق ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىمىز.







(ھېكايە)

خالىدە ئىسرائىل

مەن بۇ يولدىن ھەر كۈنى تۆت قېتىم ماڭىمەن، ئىشقا بارغىچە ئىككى قېتىم، ئىش-تىن يانغىچە ئىككى قېتىم، شۇڭا، بۇ يول ماڭا ھەر بىر تال تېشىغىچە قەدەر تونۇش. ئىلگىرى بۇ يول يازلىقى دوشۇقىچە توپا ئۆر-لەپ تۇرسا، قىش - ئەتىيازلىقى پاتقاق دەس-تىدىن يۇت ئالغىلى بولمايدىغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل يول ئىدى. يولنىڭ ئىككى يېقىدا ھازىرقىدەك ئاكاتسىيە بىلەن ئارچا ئەمەس، قېرى تېرەك بىلەن دوڭغاق سۆگەت بار ئىدى. ئەنە ئاۋۇ سېمونت كۆۋرۈكنىڭ ئورنىدىكى ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كەتكەن تار تاختا كۆۋ-رۈكنىڭ ئىككى تەرىپى قاچانلا قارىسا تو-سۇلۇپ قالغان ماشىنا - تراكتور، ئات - ئۇ-لاغلار بىلەن تىقما - تىقما بولۇپ تۇراتتى. كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەنرەكىدە بىر مۇزدوز بوۋاي ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىغا رەڭگىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان كونا تۇماق كىيىپ، ئۈچىسىدىكى مازلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ھەربىيچە جۇۋىسىنىڭ بېلىنى ئىنچىكە تاس-ما بىلەن باغلىۋالاتتى، قېرىلىق داغلىرى

بىلەن تولغان زەپىرەڭ چىرايىمدا ئاپئاقسا - قىلى، كۆزلىرىنى بېسىپ تۇرىدىغان ئۇززۇن - ئۇززۇن قاشلىرى، بولۇپمۇ قورۇلۇپ ئېمىلەر - گىمدۇر ئوخشاپ قالغان مۇشتۇمدەك يوغان بۇرنى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا خېرىدار كەمدىن كەم كېلەتتى. ئەمما، ئۇ ھەر كۈنى مەيلى بوران - يامغۇردا بولسۇن ياكى قەھرىتان سوغۇق، پىژ - پىژ ئاپتاپتا بولسۇن، خۇددى يول بويىغا يىلتىز تارتىپ قالغاندەك ياكى ئەشۇ ئەبجەخ كۆۋرۈكنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك قىمىر قىلىپمۇ قويمايتتى. ئېغىر بېشىنى مەيدىسىگە ساڭگىلىتىپ، يوغان بۇرنىنى جۇۋىسىنىڭ ياغلىشىپ كەتكەن ياقىسىغا تىقىۋېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇراتتى، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا، يولدىن گۈلدۈرلەپ ئۆتۈۋاتقان ماشىنا - تراكتورلارغا، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئادەم، ئات - ئۇلاغلارغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. خۇددى ئۇ پۈتۈن دۇنيانى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك، دۇنيامۇ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. پەقەت مەنلا ھەر كۈنى بىر خىل تىنچسىزلىق، ئازاب ۋە ئەيمىنىش بىلەن بوۋايغا يېقىنلىشاتتىم ۋە يەنە خۇددى شۇنداق ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆزاپ كېتەتتىم. بۇ ئەھۋال ھەر كۈنى تۆت قېتىم تەكرارلىناتتى. مەن يەنە پات - پاتلا ئۆزۈمنىڭ ۋە ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ئاياغلىرىنى چوڭ تورسومكىغا سېلىپ، ناھال قاتۇرۇش، يامىتىش ئۈچۈن بوۋاينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتىم. بوۋاي ئاغزىغا بىر ئوچۇم ئۇششاق مىخ سېلىۋېلىپ ئاياغلاردىن بىرنى دۈپىگە كىيدۈرەتتى. ئاياغنىڭ پاشنىسىنى قوللىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ ناھالنى جايىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن تىترەك قوللىرى بىلەن مىخ ئۇراتتى. ھەر دائىم بىرىنچى قېتىمدا بولقا مىخقا تەگمەيتتى، ئىككىنچى قېتىمدا سەل سىڭايان تېگەتتى. ئۇ قويۇق ساقاللىرىنىڭ ئارىسىدىن ساڭگىلاپ ئېقىپ چۈشكەن پوتلىسىنى يوغان پەنجىلىك ئالقانلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ بولغىنى ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم ئۇراتتى. مەن بولسام بوۋاينىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆرۈش - كۆرمەسلىكى ئۈستىدە ئويلانغاچ تاكى ئۇ ئاياغلارنى بىر - بىرلەپ قولدىن چىقارغىچە تاقەت بىلەن ساقلاپ ئولتۇراتتىم.

بوۋاي ئىككى كوي تەلەپ قىلسا تۆت كوي، ئۈچ كوي تەلەپ قىلسا، ئالتە كوي بېرەتتىم. ئۇ، پۇلغا قاراپمۇ قويماي يانچۇقىغا سالاتتى. مەن شۇ ئارقىلىق، قەلبىمنى تاشتەك بېسىپ تۇرغان نېمىدىندۇر قۇتۇلماقچى بولاتتىم، ئەمما، قۇتۇلالمايتتىم. كۆز ئالدىمدا ھامان بىر مەنزىرە، ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى بىر قەبىھ چۈش قايتا - قايتا تەكرارلىناتتى...

ئەمدىلا 14 — 15 ياشلارغا كىرگەن، كۆك غورىدەك ۋاقىتلىرىم ئىدى. دۇنيانىڭ ئويى - دۆڭىنى، ئادەم دېگەن بۇ غەلىتە مەخلۇقنى ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ مۇناسىۋەتلەرنى تېخى چۈشەنمەيتتىم. كىشىلىك ھايات مېنىڭ نەزەرىمدە گويا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھېساب دەرسىدىكى تۆت ئەمەلدەك ئاددىي ئىدى. ئادەملەر ياخشى ۋە يامان، قىپقىزىل ۋە قاپقارىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. «ياخشى» ئادەملەر ياشىشى، «يامان»لار بولسا بۇ دۇنيادىن يوقىلىشى، ھېچبولمىغاندا ئادەمدەك ياشىماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا كوچا - كويلاردا ھەر كۈنى ۋە ھەر سائەتتە دېگۈدەك شوئار، داقا - دۇمباق سادالىرى

ئىڭراپ، «يامان»لار ئۆي - ئاۋۇللاردىن، زا-
ۋۇت - ئىدارىلەردىن تۇتۇپ چىقىلاتتى. ئۇ-
زۇن قەغەز قالپاق كىيىپ، جىنايى قىلمىش-
لىرى پۈتۈلگەن يوغان تاختاينى ئالدىغا،
قىزىل كىتابنى يېنىغا ئېسىپ، قولىدىكى
ئەسكى داسنى تاراقشىتقاچ جاماەتكە ئۆز
قىلمىشلىرىنى سۆزلەيتتى:

— مەن جىن - شەيتان پالانچى بولى-
مەن... ئىت كاللامغا سىڭىپ كەتكەن ئەك-
سىلئىنقىلابىي شيۇجىڭجۇيىلىق ئىدىيەلەرنىڭ
تەسىرىدىن ئىت يولدىكى قاپتەك
قىلىپ...

رەستىدە، كىنوخانىلارنىڭ ئالدىدا سۆز-
لەيتتى، تۆت ئادەم توپلاشقان يەردە، ھەتتا
ئۇششاق باللارغىمۇ سۆزلەيتتى، سۆزلەپ -
سۆزلەپ ئاۋازلىرى پۈتۈپ خىرىلداپ كېتەت-
تى. بۇنىڭ ئۆزى ئىنقىلاب، دۆلەت - خەلقنى
بالايى - قازادىن ساقلاش يولىدىكى «ئۇلۇغ»
ئىش ھېسابلىناتتى. بۇ ئىش بىزدەك ئالاھى-
دە سىياسىي ئېچىتقۇ بىلەن كۆپتۈرۈلۈپ،
ئەڭ ئاددىي ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنىمۇ يوقات-
قان «كىچىك ئەزىمەت»لەر ئۈچۈن كۆڭۈل-
لۈك ھەم جەلىپ قىلارلىق مەشغۇلات بولۇپ قال-
غانىدى. چوڭلار باشلىقلىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا
بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ ئاستاغىنە ئارقىغا
ئۆتۈۋېلىشاتتى. بىز بولساق ھەش - پەش
دېگۈچە تەشكىللىنىپ، سەپ تارتىپ يېڭى بىر
بەختسىزنى قەيەردىن بولسىمۇ تېپىپ چى-
قاتتۇق. شۇڭا، بىزنى كۆرسىلا كىشىلەرنىڭ
چىرايى ئۆزگىرەتتى، قورقۇنچاقلىرى بەدەر
تىكىۋېتەتتى.

بىر كۈنى، شەھەرنىڭ چەت كوچىلىرى-
دىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە باردۇق. ئۇ يېرىم
خارابىلىققا ئايلانغان كونا پوسۇندىكى ئۆي
بولۇپ، ھويلا ۋە دالان، كېچىككىنە تۈڭلۈ-
كىدىن قول چىراغنىڭ يورۇقىدىلا كۈن
نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان گۆڭگا ئۆيلەر مىغ -
مىغ ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.
كىشىلەر تويا بېسىپ كەتكەن ئويۇق، تەكچى-
لەرنى، يوغان، قاپقارا كات ساندۇقلارنى تې-
مىسقىلاپ ئاختۇرۇشاتتى، كۆرپىلەرنى، كۆتەك-
لەرنى ئاغدۇراتتى. دالاننىڭ ئوتتۇرىسىغا
توپلاشقان بىر توپ كىشى تۈۋرۈككە يۆلىنىپ
تۇرغان بۇرنى ئالاھىدە يوغان بىر بوۋاينى
ئارىغا ئېلىۋالغانىدى.

— ئەكسىيەتچى كىتابلىرىڭنى نەگە يو-
شۇردۇڭ؟ ئېيتە! ئېيت، كونا جەمئىيەتنىڭ
قالدۇقى!

— تىققان كىتابىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن تې-
پىپ بەرمەيدىكەنسەن، ئىت كاللاڭنى يەن-
چىپ تاشلايمىز!

ئۇلار بوۋاينى ئۇيان - بۇيان تارتقۇش-
لاپ دۈشكەللەيتتى. بىرلىرى تەھدىت سالسا،
يەنە بىرلىرى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى.
ئەمما، بوۋاينىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان كۆز-
لىرىدە قورقۇنچ، خورلۇقتىن ئەسەر يوق،
بەلكى، بۇ ئالەمنىڭ غەم - غۇسسىلىرى تەسىر
كۆرسىتەلمەيدىغاندەك ئاجايىپ خاتىرجەم-
لىك بار ئىدى. بۇ ھەددى - ھېسابسىز قورۇق
ئاۋارىچىلىق، ھەممىدىنمۇ بوۋاينىڭ چىرا-
يىدىكى ئەشۇ خاتىرجەملىك ئەتراپتىكى كى-
شىلەرنى غەزەپلەندۈرۈپ، ھوش - كاللىسىنى
ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. كىشىلەر مەقسەتلىرىگە
يېتەلمىگەنچە قىزىشىپ، قايناپ، ئېغىز ۋە
پۇت - قوللىرىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئىشقا سې-
لىشماقتىدى:

— ئىنقىلابىي ئاممىنى بىكار ئاۋارە قى-
لىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ! چاپسان ئېيت!

— ۋۇي ئۆلۈمتۈك قېرى! يەنە مۇشۇنداق
بېزىرىپ تۇرۇۋېرىدىغان بولساڭ ئانا-ماناڭنى

كۆزۈڭگە كۆرسەتمەمسىز ھېلى!

— بەش مىنۇتقىچە ئىقرار بولمايدىكەنسەن، كېلىپ چىققان ھەرقانداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭ مەسئۇل!

تەمبەل كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىشى بىگىز قولىنى بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە تىقىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەندىن كېيىن، سائىتىگە قاراپ تۇرۇپ ۋاقىتنى ھېسابلاشقا باشلىدى:

— بىر مىنۇت ...

— ئىككى مىنۇت...

— ئۈچ مىنۇت!

— تۆ...ت مىنۇ...ت!

ئەتراپنى گۆردەك سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. ھەممە كۆزلەر قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغان ئېچىلىپ، بوۋايغا مىقتەك قادالغانىدى.

— بەش مىنۇت!

ئاخىرقى، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك غەزەپلىك سادا بېرىقماي تۇرۇپلا كىشىلەر تەۋرەپ كېتىشتى، گالاچ - گۇلۇچ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بوۋاي يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى، يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان تېپىك، مۇشت زەربىسىدىن غال - غال تىترىگىنىچە خېلىغىچە يەرگە چاپلىشىپ ياتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن كىشىلەر ئۇرۇشتىن توختاپ ئۇنى يەنە تارتقۇشلاپ ئورنىدىن تۇرغۇزغاندا، ئۇنىڭ يۈز - كۆزى تامامەن قانغا بويالغانىدى. ئۇ تىترەۋاتقان قوللىرىنى ئاغزىغا ئاپىرىۋېدى، ئالقىنىغا لاي ئارىلاش قان بىلەن بىللە بىر نەچچە تال ساپسېرىق چىش ئۆكۈلدى...

شۇ چاغدا، نېمىشقىكىن كۆڭلۈم ئاينىپ كەتتى. چىداپ تۇرالماي ھويلىغا چىقىپلا ياندۇرۇۋەتتىم، ئېچىمدىن بەكمۇ ئاچچىق، ساپسېرىق زەرداپ سۇ ياندى. ئۇنىڭ ئاچچىقى ھېلىھەم ئاغزىمدا تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، تۇيۇقسىز ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى كونا ئېغىلدىن تەنتەنە سادالىرى كۆتۈرۈلدى. بىر نەچچە كىشى قىن - قىنىغا سىغمىغان ھالدا: «تېپىلدى! ئەكسىيەتچى كىتابلار تېپىلدى!» دېيىشكىنىچە يۈگۈرۈپ چىقتى. كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئېغىلغا ئېتىشتى. بىزەۋ چوڭلارنىڭ كەڭ، قوۋۇدىلىك مۈرىلىرى ئۈستىدىن، ئەر پۇراپ تۇرىدىغان قولتۇقلىرى ئاستىدىن ئۇلارنى مۇنچە خۇشال قىلىۋەتكەن ئولجىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدۇق. ئېغىل كولانغان، توپا دۆۋىلىرى ئارىسىدا جىگەررەڭ كونا كىلىيونكا بىلەن ئورالغان بىر نەچچە ساندۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قامەتلىك بىر نەچچە ئەر كىشى كۆچىگىنىدىن گەدەنلىرىگىچە قىپقىزىل بولۇشقان ھالدا ساندۇقلارنى بىر - بىرلەپ ھويلىغا توشىدى. ساندۇقلارغا سېلىنغان داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چاقتى. ۋاھ، ساندۇقلارنىڭ ھەممىسى گىرۋەككىچە كىتاب، يۆگەم - يۆگەم قوليازمىلار بىلەن تولغانىدى. ۋاراقلىرى سارغىيىپ يۇمشاپ كەتكەن كىتابلار، سۆسۈنە سىيا بىلەن كونىچە خەتلەر يېزىلغان سامان قەغەزلەردىن دىماقنى ئېچىشتۇرغىدەك زەي، چىرىندە پۇرىقى، بوۋاينىڭ ئۆزىدىكە ئوخشاش ئۇزاق ئۆتمۈش زامانلارنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. كىتابلار ھەش - پەش دېگۈچە تۆكۈلدى، كىچىك بىر تاغ بولۇپ دۆۋىلەندى، كىمدۇر بىرى بىر بوتۇلكا بېنزىننى ئۇنىڭ ئۈستىگە چاچتى، يەنە بىرى سەرەڭگە يېقىۋەتتى، شۇ ھامان لاپپىدە قىلىپ كۆتۈرۈلگەن زور يالقۇن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇۋالدى:

بۇژۇلداپ كۆيۈۋاتقان كىتابلار خۇددى

www.uyghurkitap.com

ئادەمدەك ئاۋاز چىقىراتتى. كۆكلۈش، يالغاشاگۇ ئىسى باليخانىلارنىڭ ئۆگزىلىرىدىن، ئېرەكلەرنىڭ ئۈچىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ، ئاستا - ئاستا پارچىلىنىپ، كۆپكۆك ئاسمانغا سىڭىپ كېتەتتى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقمۇ كۆچەيمەكتە ئىدى. كۆزلەر ئەسەبىي قىزغىنلىقتىن چاقنايتتى. كىتابلارنىڭ كۆمۈلگەن يېرىدىنى ئەڭ بۇرۇن تېپىۋالغان سېرىق چىراي بىر ئەر كىشى ئالەمشۇمۇل ئىش قىلىۋەتكەندەك ھاياجانغا چۆمگەنىدى. ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ-قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئېغىلىغا قانداق كىرگەنلىكى، قانداق ئاختۇرغانلىقى... نى ھېلىدىن - ھېلىغا تەكرارلايتتى. ساندۇقلارنى كۆتۈرۈشكەن، قولۇپ چاقتان، ھەتتا سەرەڭگە چىقارغانلارمۇ بۇ سورۇندا ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىماي بەس-بەستە ماختىنىشاتتى. مەن بوۋايغا قارىدىم. ئۇ ئەمدى تۆۋرۈككە يۆلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە قېتىپ قالغانىدى، چىرايى تامدەك تاتارغان، چوڭقۇر كۆز چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى پەيدىلايتتى، ئىككى يېقىغا ھالسىز تاشلانغان قوللىرى بوراندا قالغان قۇرۇق شاختەك دىرىلدەپ تىترەيتتى...

يىللار كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بەرباد بولغان ئېتىقاد، كۆپۈككە ئايلانغان گۈزەل ئارزۇنىڭ ھەسرىتى، تېڭىرقاش، خىيال ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە بارا-بارا ئۆسۈپ يېتىلدىم. يىللار ماڭا بەك كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن قىممەتلىكى، نېمىنىڭ راست، نېمىنىڭ يالغان، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ سەت ئىكەنلىكىنى، ھاياتتا نېمىگە ئېتىقاد قىلىش، قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغىنىم بولدى. بۇ يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، ماڭا ئوخشاش كىچىكىدە ھاياتنىڭ راست گەپ ئاڭلىمىغان، ئەگرى يولنى كۆپ ماڭغان دەۋرداشلىرىم، تەڭتۇشلىرىمنىڭ ئورتاق ھېسسىياتى بولسا كېرەك.

شۇنداق، بۈگۈن مەن قايسى بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە ئەمەس، ئاددىي كىشىلەر ئارىسىدىكى چىنلىق، ئالىيجانابلىق ۋە گۈزەللىككە ئىشىنىمەن. ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كىشىنى تاڭ قالدۇرغىدەك كۆپ قىرەپلىمىلىكىگە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ مەڭگۈ ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە، ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىنتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇڭا، كۆپچىلىك بىرەرسىنى قارا دېسە، ئەگىشىپ شۇنداق دېمەيمەن. زۆرۈر تېپىلغاندا باشقىلارنىڭ سەۋەنلىك، يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كەچۈرۈۋېتەلەيمەن. ھېچقاچان ئۆزۈمدىن كۈچلۈكلەرگە ھەسەت قىلمايمەن، ئاجىزلارنى ئانىي تاپمايمەن. ئەتراپىمدىكىلەرگە زەررىچە خۇشاللىق بېغىشلىيالىسام ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. كۆڭلۈم كۆل سۈيىدەك تىنچ ھەم تىنىق. ئاھ، ھاياتلىق نەقەدەر ياخشى-ھە... تاكى يەر يۈزى دەسلەپكى سېرىق يايپراقلار بىلەن قاپلىنىشقا باشلىغان ئەشۇ كۈز ئەتىگىنىگە قەدەر ئۆزۈمنى بەختلىك ھەم مۇكەممەل چاغلاپ يۈردۈم. ئۇ — مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇرتۇمدىكى ئانا مەكتىپىمگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن دەسلەپكى كۈننىڭ ئەتىگىنى ئىدى. ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك. قاتار تېرەكلەرنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان يوغان - قىپقىزىل قۇياش زۇمرەت ئاسماننىڭ بىر قىسمىغا، كەڭ دالاغا، يوللار، دەل - دەرەخلەرگە، لەرزان ئۈچۈپ چۈشۈۋاتقان سېرىق يايپراقلارغا قىزغۇچ ئالتۇن ھەل بەرگەنىدى. زېمىن قۇياش ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەيتنىڭ قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان،

ئەمما كىشىنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا جاراڭلايدىغان ھەيۋەتلىك ئوركېستېرى ئاستىدا جانلىنىۋاتاتتى. تەبىئەتنىڭ ئەشۇ سادىسىغا مەپتۇن بولۇپ، ئىچ - ئىچىمگە سىغمايۋاتقان ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە تەبىئەتنىڭ ھۆسنىگە تويماي قارايتتىم. ئىچىمدە، رەسسام بولۇپ قالمىغىنىمغا، تەبىئەتنىڭ مۇشۇ بىردەملىك سېھرىلىك كۆرۈنۈشىنى بوياق، قەلەم بىلەن تۇتۇپ قېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسلىكىمگە مىڭلارچە ئەپسۇسلىناتتىم.

تۇيۇقسىز كۆزلىرىم يول بويىدا ئولتۇرغان موزدوز بوۋايغا چۈشتى، خۇددى چۈشۈمدە كۆرگەندەك تونۇش چىراي ئۈستىدە بىر پەس تېڭىرقىدىم. خىيالىمدا بولسا شۇ تاپ چاقماق چېقىلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بولدى. پارلاق قۇياش كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى. ئالدىمدا پەقەت كۆپ يىللار ئىلگىرىكى بىر مەنزىرە، بىر قاباھەت چۈش، تىرىك ئادەمدەك ئاۋاز چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان كىتابلار، تۈپىدە لاغىلداپ تىترەپ ياتقان بىر بوۋاي قايتا - قايتا گەۋدىلىنەتتى. مەن بېشىمنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ بوۋايغا يەنە قارىدىم. خۇدايا تۈۋا، دەل ئاۋۇ، شەكشۈبھىسىز شۇنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل قورقۇنچ ئورىۋالدى. خۇددى ئۇ مېنى تونۇۋالىدىغاندەك، ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، ئارىدەك قوللىرى بىلەن گېلىمنى بوغۇپ:

— سەنغۇ مېنى بوزەك قىلغان، سەن! كىتابلىرىم قېنى، كىتابلىرىمنى تېپىپ بەر! — دەيدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. مەن بوۋاينىڭ ئالدىدىن يۈگۈرگەندەك ئىتتىك كېتىپ قالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مەن دۇنيادىكى بارلىق ئازابنى، قاتىلىنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان تەقۋادارنىڭ مېھراب ئالدىدىكى ئىزتىراب ۋە دەھشىتىنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ئاخىرى، شۇ ۋاقىت، شۇ شارائىتنى ھەم گۇدەكلىكىمنى سەۋەب قىلىپ، ئۆز - ئۆزۈمگە ئاز - تولا تەسەللىمۇ بەردىم. ئەمما، ئۆز سەۋەبلىرىمنىڭ خۇددى كىچىك بالىلارنىڭ قۇمدىن ياسىغان ئىمارەتلىرىدەك ئاجىز ئىكەنلىكى ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئىدى. چۈنكى، گۇناھ ھەر خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنى تۈۋا قىلىش، ئەپۇ سوراش، ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق گەدەندىن ساقىت قىلغىلى بولىدۇ، يەنە بەزىلىرىنى بولسا، گەدەندىن ساقىت قىلىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ سېنىڭ ھايات يولۇڭدا خۇددى توختىماي سېسىق بۇس چىقىرىپ تۇرىدىغان تەگسىز ھاڭدەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ۋىجدانىڭنى تامامەن يوقاتمىغان ئادەم بولساڭ، ئەنە شۇ ھاڭغا ئەبەدىي بەنت قىلىنغاندەك روھىي ئازاب تارتىسەن، پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ھەر خىل يوللار بىلەن ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايسەن.

بىر كۈنى، ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان دوستۇمنى ئىزدەپ باردىم ۋە گەپ ئارىلىقىدا غەزەزلىك ھالدا ھېلىقى بوۋاينىڭ گېپىنى چىقاردىم. ئۇنىڭ قىيىنچىلىقى، ئۇنىڭغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ھاياجان بىلەن يېرىم سائەت سۆزلىدىم. راست ئەمەسمۇ، شۇنداق بىر يېرى بولمىسا، ئەشۇ قېرى بوۋاي ئىسسىقنى ئىسسىق، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي ئەتىدىن كەچكىچە يولدا ئولتۇرامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تەسىر مەسئۇلىيىتىمۇ بار...

— ھە، ھېلىقى تاختا كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مۇزدوزلۇق قىلىدىغان بوۋايمۇ؟ — دەپ گەپكە ئارىلاشتى خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، — شۇنداق، ئۇنىڭ ھېچنەرسىسى يوق. ئۇ ئالىقاچان بىزنىڭ نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىمىزنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنلا بىز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن، ئۇ بىر غەلىتە مىجەزلىك قېرى، يېمەي - ئىچمەي پۇل يىغىدۇ. يېڭى يوتقان، كىيىم - كېچەك بەرسەك ئەتىسىلا سېتىۋېتىدۇ. بىزنىڭ بەرگىنىمىزگە قانائەت قىلماي مۇزدوزلۇق قىلىپمۇ پۇل تاپىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ يىغقان پۇللىرىنى نېمىگە ئىشلىتىدىغىنىنى...

دېمىسىمۇ، قېرىغاندا ئادەملەردە ھەر خىل غەلىتە ھەۋەسلەر پەيدا بولۇپ قالىدىكەن، لېكىن، پۇل يىغسا يىغمامدۇ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلمىغاندىكىن... شۇنداقتىمۇ...

مەن ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە قايتىپ كەلدىم. كېچىچە ئويلىنىپ ئەمدى ئۇنىڭغا پۇل بەرمەي يېيەدىغان - ئىچىدىغان، تېنىگە قۇۋۋەت بولىغان نەرسىلەرنىلا ئاپىرىپ بېرەي، دېگەن يەرگە كەلدىم. ئەتىسى چۈشتە ئانامغا تازا مەززىلىك قىلىپ شويلا ئەتتۈرۈپ بىر قاچىغا ئۇسسۇپ بوۋايغا ئالغاچ كەلدىم. ئەمما، بوۋاي ھەر كۈنكى ئورنىدا يوق ئىدى. ئۇ يەردە ئەتىيازنىڭ سوغۇق شامىلى قۇرۇق غازاڭلارنى ئۇچۇرتۇپ يۈرەتتى. ماڭا ئەتراپ بىردىنلا چۆللىشىپ كەتكەندەك، بۇ يەردىكى ھەممە: ئاسمان، يول، كۆۋرۈك ھەتتا دەل - دەرەخلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسىدىن ئايرىلىپ مۇڭلىنىپ قالغاندەك بىلىنىدى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈممۇ غەشلىك ئىچىدە قالدى. مەن ئۇنى ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ... ئۇچرىتالمىدىم. ئاخىرى، تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئەپسۇسكى، مەن بەكمۇ كېچىكىپ بېرىپتىمەن. ھويلىدا ئولىشىپ تۇرغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بوۋاي ئالدىنقى ئاخشىمى تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. قولۇم-قوشنىلىرى بىرلىشىپ ئۇنى ئىززەت-ھۆرمەتى بىلەن يەرلىكىدە قويۇپمۇ بولۇپتۇ. ئۇلار يەنە ماڭا بوۋاينىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى يىغىپ كەلگەن قانداقتۇ كىتابلارنى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلغانلىقى ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. تېخى ئويلىنىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدىم، بوۋاينىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىدىن ياشانغان، كۆزەينەكلىك كىشى بىلەن بىر ياش يىگىت چىقتى. ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدىن كۈچلۈك ھاياجان بىلىنەتتى، قېرىدىراقى پات - پاتلا قولياغلىقى بىلەن بۇرنىنى سۈرتەتتى.

— قانداق؟ كىتابلار ئىچىدە ئانچە - مۇنچە پايدىلىنىش قىممىتى بارلىرىمۇ بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى بىزنىڭ قاتارىمىزدا تۇرغان خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئېرەنسىزلىك بىلەن.

ياشانغان كىشى بىر پەس سۆزلىيەلمەي تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىن كۈچلۈك بىر ئىچكى ھاياجاندىن ئۆزگەرگەن ئاۋازدا:

— بار ئىكەن، بولغاندىمۇ قانداق دەڭ! بۇ ھۆرمەتلىك زات قالدۇرۇپ كەتكەن كىتابلار ئارىسىدىن قەدىمكى تارىخىمىز ۋە ئەدەبىياتىمىزغا ئائىت بىزگە تېخى مەلۇم بولمىغان، مەلۇم بولغاندىمۇ تېپىلمىغان بىر مۇنچە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۇچراتتۇق. قالغانلىرىنىمۇ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق

(ئاخىرى 8 - بەتتە)



# ئادەملەر

مۇھەممەتجان راشىدىن

ئىلكىڭدە ئالەمنىڭ جىمىكى بەختى،
ئادەملەر، ئاپەتمۇ سېنىڭ قوينۇڭدا.
ئارغامچا سېنىڭدىن ئۆزگىدە بولماس،
دېمەككى، سىرتماقمۇ سېنىڭ بوينۇڭدا.
ياشلىرىڭ نەسىھەت ئەھلىگە كۆنمەس،
تەكتىنى تەگسەڭ، ئاتىدىن باشلىق.
بولمىسا ئىللەتلەر ئانىلاردىمۇ،
ئېتەمدۇ ئون ياشلىق قىزلىرى قاشلىق؟!
يانغىننى يوق دېمە، يانغىن ئۆزۈڭدە،
ھەزەر قىل پەيلىدىن ھەسەتخورلارنىڭ.
ئەپتىدە شۇملۇقنىڭ باردۇر شەپىسى،
ئاسمانغا ئادايغان تەكەببۇرلارنىڭ.
بار، دۇرۇس، سۆيگۈدە غېرىپ — سەنەمدەك،
سىلەردە ۋاپانىڭ داھىلىرىمۇ.
بار بىراق، شۇ ئۇلۇغ مۇھەببەت تۈگۈل،
ئەل بەرگەن ئاق ناننىڭ ئاسىيلىرىمۇ.

بەزىدە بىرىنى تىللايدۇ بىرى،
ئىتلارنىڭ ئاۋازى ئۇلاردىن تۈزۈك.
بىلمىدىم، تەقدىرنىڭ بەرگىنى شۇمۇ،
ئالۋاستى قولىدا ئالتۇندىن ئۈزۈك.
بىرلىرى يۈرىدۇ ۋىجداندىن مەھرۇم،
ئۆمۈرلۈك ئەقلىنى بېرىپ ھاراقا.
ھىجايسا، بار ئىكەن پەزىلەت دېمە،
ئاغزىنى ئۆگەتكەن يالغان سالامغا.
بېشىدا ئۆزى بار جىمى ھېسابىنىڭ،
چاشقانلار ماڭغان يول — شۇلارنىڭ يولى.
تۆھپىكار مۇشۇكنىڭ كېكىردىكىدە
سىنچىلاپ قارىساڭ، شۇلارنىڭ قولى.
قىڭغايغان تاملارغا قويمايدۇ تىرەك،
ئەكسىچە، ئۆيىگە قاچىدۇ ئېلىپ.

چاڭچىلار — تۆھپىسى بولدى شۇلارنىڭ،
بەزىدە دايۋانلار ئىزىدىن مېڭىپ.
ئاپىرىدىن، قانائەت پەرىشتەلىرى،
ئاچلىقتا ياتسىمۇ ئۆتتى سىناقتىن.
ۋە لېكىن، بىر جۇتلۇق كېلەر سېنىڭدە،
سايەڭدەك ئەگىشىپ سېنى ئۇزاقتىن.
ئادەملەر، قوينۇڭدا ئاپەت ئاز ئەمەس،
نە قىلاي كۆپ سۆزلەپ نۇقسانلىرىڭنى.
ئىللەتلەر ئاپەتكە ئايلىنىپ، بىلسەڭ،
قۇرۇتۇپ كەلمەكتە بوستانلىرىڭنى.
ئۈنەركەن باھاردا گۈللەر، سۇمبۇللار،
تىكەنمۇ چىقاركەن بىللە كۆكلەپ.
سېنىڭمۇ، ئادەملەر، يادىڭدا بولسۇن،
چىققىنىڭ بەزىدە «مەن!»نى كۆتۈرۈپ.

قايىلمەن، ئەجرىڭدىن ھاسىلدۇر دۇنيا،
مېۋەڭنى ماختايمەن ئالەمگە بەرگەن.
ئۆزگىدىن ئىزدىمە، ئوغرىمۇ تامام
ئۆزۈڭدە بېغىڭغا تام ئاتلاپ كىرگەن.
سورۇنلار چوقانىنىڭ ئىلكىدە ئەنە،
جاراڭلار خۇشامەت قەدەھلىرىمۇ.
ئوغرىنى ماختايدۇ «پەخرىم!» دەپ بىرى،
تامام نەپ ئۇنىڭ ھەم سەۋەبلىرىمۇ.
شەنىڭگە كىتابلار يېزىلدى تالاي،
ئالەمدە جىمىدىن سېنى ئۇلۇغ، دەپ.
قاراپ كۆر: شۇندىمۇ يازمىغان ھېچكىم
ئادەملەر قوينىدا ئاپەتنى يوق، دەپ.
ئادەملەر، ئىلكىڭدە ئۆز بەختىڭ مەڭگۈ،
شۇنداقلا، ئاپەتمۇ سېنىڭ قوينۇڭدا.
ئېشىلەر ئارقانلار قولۇڭدا، شۇڭا،
ھەزەر قىل: سىرتماقمۇ سېنىڭ بوينۇڭدا.





# پاكلىق

(بىر كۆرۈنۈشلۈك دراما)

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

ئادىلجان تەپتىش كادىرى 35 ياش

ئادالەت ئايالى 30 ياش

ئەززەتخان ئاچىسى 40 ياش

ھېسامىدىن ساۋاقدىشى 35 ياش

سەھنە: ئۇيغۇر كادىر ئائىلىسى پوسۇنىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆي. كۆرۈنەرلىك جايدا ئالىي دەرىجىلىك توڭلاتقۇ.

چىرايلىق ياسانغان ئادالەت بۈگۈن تولىمۇ خۇشال. ئۇ، توڭلاتقۇغا بولغان بىر خىل مەستانىلىق ئىچىدە ناخشا ئوقۇپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىۋاتقان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ.

ئادالەت: ناخشا: («چىمەندە گۈل» ئاھاڭىدا، ئۇسسۇلى — دېسكو ئۇسسۇلىغا مايىلراق)

نە ئۈچۈن مەن شۇنچە شاد.. مەن شۇنچە شاد،
چىقاردىم مەن جۈپ قانات — بىر جۈپ قانات.
قولغا كەلدى توڭلاتقۇ — ياپون مېلى،



www.uyghurkitap.com

تاپتىم بولغان مەن مۇراد ـ تاپتىم مۇراد.

قايتارما:

مەن شۇنچە شاد،
تاپتىم مۇراد،
چىقاردىم گويا قانات.

ئەڭ كېرەكلىك ئەسلىدە ـ ۋاي ئەسلىدە،
كۆكلەم ۋە ياز پەسلىدە ـ ياز پەسلىدە،
تېپىلمايدۇ مۇندىقى ـ جان دوستلىرۇم،
ماگىزىندا ـ رەستىدە ـ ياز پەسلىدە.

قايتارما:

ئادىلجانمۇ بىر قاراپ ـ شۇنداق قاراپ،
مەندىن كۈتسە ھەق جاۋاب ـ راست گەپ ـ جاۋاب،
دېيەمەن: ھېرىپ كەلگەنسىز ـ چاڭقاپ ـ ھېرىپ،
ئاۋۋال ئىچىڭ مەي ـ شاراب ـ مۇزدەك شاراب.

قايتارما:

(ئالدىنقى كۇبلېتنىڭ قايتارمىسىدىن كېيىنلا ئادىلجان كىرىدۇ. ئۇ، كاماندىروپـكىدىن قايتىپ كەلگەن. قولىدا سومكا. ئادالەت ئۇنى كۆرمەيدۇ ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.)

ئادىلجان: (يۇقىرىقى ئاھاڭ ۋە يۇقىرىقى ئۇسسۇل شەكلى ئاساسىدا ناخشىلىق ئۇسسۇل)

قەلبىڭىزدە بىر شادلىق ـ شادلىق ئەجەب،
ئاۋازىڭىز بەك تاتلىق ـ تاتلىق ئەجەب.
نە سەۋەبتىن، ھەمراھىم ـ سۆيۈملۈكۈم،
بوپقالدىڭىز قاناتلىق ـ جۈپ قاناتلىق؟

سىز شاد ـ خۇرام،
مەن بىئارام،
قانداق نەرسە بۇ ھارام؟

ئادالەت: (چەت ئەلنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە چولپانلىرىنىڭ نازلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى دورىغان ئاساستا) ئازغىنا كەم 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى ئەلىبىلىك تاماملاپ، ھېرىپ ـ چارچاپ، ئۇسساپ ـ چاڭقاپ كەلگەنسىز، سۆيۈملۈكۈم. (توڭلاتقۇدىن بىر ئىستاكان شەربەت ئېلىپ) ئالدى بىلەن تەشنالىقىڭىز قانسۇن. ئىچىڭ قارا ئۆرۈك شەربىتى. ئۇرغۇتىدۇ قېنىڭىزنى، يايرىتىدۇ تېنىڭىزنى، سەگىتىدۇ جېنىڭىزنى. ئىچىڭ، گۇپ ـ گۇپ ـ گۇپ ئىچىۋېتىڭ، سۆيۈملۈكۈم.

ئادىلجان: ئادالەت، چاقچاق قىلمىسىڭىزچۇ!

ئادالەت: چاقچاق ـ تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە. ئۇنى چەكلەش ھەققىدە بىرەر ماددا قوشۇلۇپتىمۇ يە ئاساسىي قانۇنغا؟ (خىرىلداپ كۈلىدۇ.)

ئادىلجان: ئەستا! ... نېمانچە ئۆرلىتىدىغاندۇ سەپرايىمنى!

ئادالەت: لەگلەكمىتى، پلانېرمىتى ياكى تىك ئۇچار ئايروپىلانمىتى سەپرايىڭىز؟ (يەنە خىرىلداپ كۈلىدۇ.)

ئادىلجان: نەدىن كەلگەن نەرسە بۇ دەۋاتىمەن!

ئادالەت: ئەينى زاماندىكى پاكار ئالۋاستىلار يۇرتىدىن!

ئادىلجان: نېمە؟

ئادالەت: ھازىرقى دوست، قوشنىمىز ـ ياپونىيىدىن كەپتۇ، سۆيۈملۈكۈم. جاھان شۇنچە دىمىق ـ تىنجىق، ئېلىۋېتىڭ شەپكىڭىزنى، سېلىۋېتىڭ تەپتىشلىك كىيىمىڭىزنى. (تۈگمىلىرىنى يەشمەكچى بولىدۇ.)

ئادىلجان: ئادالەت!

ئادالەت: خوش، ئادىلجان خوجام! (بۇتتەك

قېتىپ تۇرىدۇ.)

ئادىلجان: يېڭىشتۇرۇلۇپ دەۋاتىمەن چاقچا- قىلغىنى!

ئادالەت: (تىك تۇرغان هالدا) خوپ، ئادىلجان خوجام! (ئۆزىدىگە) راهەت، ئادالەتسىز. (ئەركىن هالەتكە ئۆتىدۇ.) ئۇھ، قاچان تۈگەيدىغاندۇ بۇ سوئال - سوراقلار؟

ئادىلجان: جاۋاب بېرىڭا، ئادالەت، زادى قانداق كېلىپ قالدى بۇ نەرسە ئۆيىمىزگە؟

ئادالەت: سىزنىڭ پۇتىڭىز ئىككى، ئۇنىڭ بولسا تۆت. قانداق كېلەتتى؟ (ياغىزا چىقىرىپ دەسسەپ) غىر - غىر - غىر... يورغىلاپ كېلىدۇ - دە. ئىشىك چېكىشلىرىدىنىڭ رېتىملىك ئىكەنلىكىنى دېمەمسىز تېخى. تاك - تاك - تاك ... (ئەرەنچە ئاۋاز بىلەن) ئىجازەتمۇ؟ (ئۆز ئاۋازى بىلەن) رۇخسەت - ئىجازەت.

ئادىلجان: ئىشىك چەككەن كىم؟

ئادالەت: جىن. (ئەرەنچە ئاۋاز بىلەن) مەن ئالىي دەرىجىلىك ياپون توخلاتقۇسى. سىلەر ئۈچۈن بىجانىدىل خىزمەت قىلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىلەر.

ئادىلجان: كىمنىڭ گېپى، كىمنىڭ ئاۋازى بۇ؟

ئادالەت: دېدىمغۇ، ئەشۇ توخلاتقۇنىڭ.

ئادىلجان: يېڭىشتۇرۇۋېلىڭ چاقچىقىڭىزنى دەۋاتىمەن سىزگە!

ئادالەت: «چۆكۈن تاشنى، ئۆز بويىنىغا تاشىدۇ»، مۇنچە قايناپ كەتمىسىڭىزچۇ، ئائىلە باشلىقى.

ئادىلجان: ماۋۇ نېمە قەيەردىن كەلدى دەۋاتىمەن!

ئادالەت: ئىشقىلىپ، ئوغرىلاپ كەلمىدىم. بىر كىمنى ئالدىغان، قاقتى - سوقتى قىلـغان يېرىم يوق.

ئادىلجان: بۇنى بىرسى ئېلىپ كەلدىمۇ؟

ئادالەت: ئەلۋەتتە.

ئادىلجان: قانداق ئادەم؟

ئادالەت: ئادەممىمان مايمۇن ئەمەس، مايمۇنسىمان ئادەممۇ ئەمەس، سىز - بىزگە ئوخشاشلا ئادەم.

ئادىلجان: سىزگە ئوخشاش؟

ئادالەت: ماڭا ئەمەس، سىزگە ئوخشاش.

ئادىلجان: نېمە؟ ئەر كىشى؟!

ئادالەت: ئەلۋەتتە.

ئادىلجان: ئەر كىشى؟!

ئادالەت: هەئە، ئەر كىشى.

ئادىلجان: كىم ئۇ؟

ئادالەت: ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، قەدىرلىكىم.

ئادىلجان: دەمسىز - دېمەمسىز؟!

ئادالەت: (چاقچاق بىلەن) مەن ئوينايمەن بېلىقتەك، يارىم چېچىلار تېرىقتەك. ها - ها - ها! ... (توخلاتقۇدىن بىر ئىستاكان شەربەت ئېلىپ) مۇزدەك شەربەت بۇ، يۈرەككە قۇۋۋەت، جانغا راهەت بۇ، ئىچىڭ، سۆيۈملۈكۈم، جانغا لەززەت بۇ.

ئادىلجان: مېنى مۇنچە تەقەززا قىلمىسىڭىزچۇ، ئوبدان ئادالەت!

ئادالەت: قانداق ئادالەت؟

ئادىلجان: ئايدەك ئادالەت.

ئادالەت: يەنىچۇ؟

ئادىلجان: بىر پىيالە سىنچايدەك ئادالەت.

ئادالەت: سىنچايدەك؟

ئادىلجان: ياق، قەنت چايدەك.

ئادالەت: مۇنداقراق تۇرغان بولسىڭىز، ۋالىقاچان دەپ بەرمەسمىدىم، قەدىرلىكىم.

www.uyghurkitap.com

ئادىلجان: دەلا، ئوبدان ئادالەت، دەلا.

ئادالەت: سوتلىنىۋاتقان جاۋابكارغا ئىشلىتىدىغان پوپوزىنى ئائىلىمىز ئەزالىرىغا ئىشلەتسەك بولمامدۇ جۇمۇ، تەپتىش ئەپەندىم!

ئادىلجان: خوپ، سۆيۈملۈك خانىم. ئەمدى بىر جاۋاب بېرىدۇتسىڭىز، مانا بۇ ئالىي دەرىجىلىك ياپون ھېلىمنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن كىم؟

ئادالەت: (ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەرگەندەك ئاھاڭدا) ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ خادىمى، قائىيم ھاكىمنىڭ يېقىن ئادىمى، سىزنىڭ تەڭتۇشىڭىز، سەپدىشىڭىز، ساۋاقدىشىڭىز ھېسابىدىكى كاتىپ.

ئادىلجان: مۇنداق دېگىن، ئادالەت!

ئادالەت: شۇنداق دېدىم، ئادىلجان. (ئۆز-ئۆزىگە) نېمانچە ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوئال-سوراق بۇ؟ ئەجەب قورۇپ كەتتى لەۋلىرىم. (شەربەتنى ئىچىۋېتىپ) ئۇھ، جاننىڭ راھىتى، ئائىلىنىڭ پاراغىتى ئىكەنغۇ توڭلاتقۇ دېگەن. ئەمدىغۇ بىر ئىستاكان ئىچىپ قويارسىز، سۆيۈملۈكۈم.

ئادىلجان: بەس!

ئادالەت: بۇ ئۆيدە ياشىماق ئەجەب بولدى تەس! (يالغان زەردە قىلىپ، تەتۈر قاراپ ئولتۇرىدۇ.)

(ئىشىك چېكىلىدۇ. ئادىلجان بىر ياقتا، ئادالەت بىر ياقتا خاپا ھالەتتە، ھېچكىم ئېغىز ئاچمايدۇ، ئىشىك ئاچمايدۇ.)

ئەزىزەتخان: (سىرتتىن ئاۋاز) ئادالەت - ئادالەتقىز ..

ئادالەت: (تەنبىھ ئاھاڭدا) ئۆز ئاچمىڭىز! ئېچىك قاپىقىڭىزنى! (ئالدىراش چىقىپ كېتىپ، ئەزىزەتخاننى باشلاپ كىرىدۇ. خۇش ئاھاڭ بىلەن) ئادىلجان، قارالا، كىم كەپتۇ؟

ئادىلجان: ئاچا!

ئەزىزەتخان: تىنچ - ئامان قايتىپ كەلدىڭمۇ، ئۇكام؟ خىزمەتلىرىڭ نەتىجىلىك بولغاندۇ.

ئادىلجان: يامان ئەمەس، ئاچا.

ئادالەت: (بىر ئىستاكان شەربەت سۇنۇپ) كۈن ئىسسىق، ئۇسسىغانلا ئاچا، قارائۆرۈك شەربىتى ئىچسىلە، مۇزدەك شەربەت.

ئەزىزەتخان: (قولىغا ئېلىپ) ۋاي، توڭلاتقۇ ئاپسىلەردە، مۇبارەك بولسۇن - مۇبارەك بولسۇن. ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، ھەممىدىن جانغا ئەسقاتىدىغىنى مۇشۇ نەرسە ئىكەن جۇمۇ، ئۇكام.

ئادالەت: (پەس ئاۋاز بىلەن) ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

ئەزىزەتخان: (توڭلاتقۇغا يېقىن كېلىپ، سىنچىلاپ قاراپ) بىزنىڭ ھېلىقى توڭلاتقۇغا ئەجەب ئوخشايدىكىنا؟

ئادالەت: بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەر ئوخشاپ قالىدۇ - يە، بىر زاۋۇتتا ئىشلەنگەن بىر خىل ماركىلىق مال ئوخشاش بولمامدۇ، ئاچا؟

ئەزىزەتخان: (يان تەرىپىنى سىيلاپ بېقىپ، ھەيرانلىق بىلەن) ھە؟ بۇ نېمە ئىش؟ (ئېگىشىپ، توڭلاتقۇنىڭ پۇتىغا قاراپ) شۇ، دەل ئۆزى شۇ!

ئادىلجان: ھە؟ نېمە دەۋاتقانسەن، ئاچا؟

ئەزىزەتخان: ئۆتكەن يىلى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقاتقان مۇكاپاتلىق چەك ئارقىلىق قولۇمغا كەلگەن ئالىي دەرىجىلىك توڭلاتقۇ شۇ ئەمەسمۇ؟

ئادىلجان
ئادالەت: ھە؟

ئىززەتخان: (كۈلۈپ) شۇ چاغدا مەن تو-لۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئۇكاڭ مەھمۇتجاننىڭ بەخت - تەلىيىنى بىر سىناپ باقاي دېدىم - دە، 20 يۈەن چىقاردىم. چەكتىن ماڭا بىرنى. (ئۇ-زاتقان قولىنى يىغىۋېلىپ) نېمىشقىدۇ، ئۆ-زۈم تاللىۋالغۇم كېلىپ قالدى. چەك ساتقۇ-چىغا دېدىم: «ئۇكام، ئىككى كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ، بىرنى تاللىۋالاي». چەك ساتقۇچى ماقۇل بولدى، قولۇمغا چىق-قان چەك نومۇرىغا شۇنداق قارايدىغان بولسام!...

ئادىلجان
ئادالەت: توكلاتقۇ دەپ يېزىلىپتىمۇ؟

ئىززەتخان: «7» دېگەن رەقەمدىن قاتار-مۇ-قاتار بەشى تۇرامدۇ؟

ئادىلجان
ئادالەت: بەشى؟

ئىززەتخان: 77.777 دېگەن رەقەم.

ئادىلجان
ئادالەت: نېمە خاسلىقى بار ئىكەن ئۇنىڭ؟

ئىززەتخان: بۇنىڭدا بىرەر خاسلەت - مۆجىزە بولۇپ قالسىدى دەيمەن. ئىشقىلىپ، ساپالىقراق بىر نېمىنىڭ چىقىشىنى تىلەيمەن. بىر كۈنى تېلېۋىزور ئېلانىغا قۇلاق سالسام ... ۋاھ، تەلىيىمنىڭ ئوڭ كەلگەنلىكىنى دېمەمسىلەر!

ئادىلجان
ئادالەت: ئوڭ كەلدى دېسىلە، ئاچا.

ئىززەتخان: «77.777 نومۇرلۇق چەك ئۈ-چۈن بىر دانە ئالىي دەرىجىلىك توكلاتقۇ بېرىلىدۇ» دەۋاتامدۇ!

ئادىلجان
ئادالەت: ئەشۇ توكلاتقۇ؟

ئىززەتخان: ھەئە ئەشۇ! قاراڭلارمىسىلەر، ئىچ مايماق بولۇپ كەتكەن ماۋۇ پۇتىغا قا-راڭلارمىسىلەر. ئەپكىرىۋاتقىچە بوسۇغىمىزغا «چاقىمدا» تېگىپ كېتىپ ...

ئادالەت
ئادىلجان: راست، ئىچ مايماق ئىكەن.

ئىززەتخان: مانا بۇ يەر - ئەشۇ چاغدا ئىشىكنىڭ كېشىكىگە تېگىپ كېتىپ زېدە بولغان.

ئادالەت: ئاۋايلىسىلا بولماسمىدى، ئاچا، دېپىيىگى نەرسىنىمۇ زېدە قىلىۋەتكەن بارمۇ؟

ئىززەتخان: بەك خۇش بولۇپ كېتىپتىمكەنمەن، ئادالەتقىنىم، قول - قولۇمغا تەگمەي قېلىپ.

ئادىلجان: ئاچا، سەن بۇنى ساتقانمۇ ياكى بىر كىمگە سوۋغا قىلغانمۇ؟

ئىززەتخان: مۇنداق ئەتىۋار مالنىمۇ ساتامدۇ، سوۋغا قىلىۋېتەمدۇ كىشى؟

ئادىلجان: ئوغرى ئالغانمۇ ئەمىسە؟

ئىززەتخان: راست، ئوغرى ئالغان، بۇ-لاڭچى بۇلىۋالغان! ئاغزى كۆيمىسە، دوزاخ-نىڭ ئوتىنى دەم تارتىپ كېتىدىغان بىر ئەجدىھا دەم تارتىپ كەتكەن!

ئادالەت: «دەم تارتىپ كەتكەن؟»

ئادىلجان: ئوچۇقراق سۆزلىگىنە، ئاچا.

ئىززەتخان: ئۇكاڭ مەھمۇتجان دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتناشتى.

ئادىلجان: خەۋىرىم بار.

ئىززەتخان: ئىمتىھان نەتىجىسى ئالىي مەكتەپلەر ئىمتىھان نومۇر سىزىقىدىن 69 نومۇر ھالقىپ كەتتى.

ئادالەت: راست، ھەممىمىز شۇنچە خۇش بولغان ۋە خاتىرجەم بولغانىدۇق تېخى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىززەتخان: قارىسام، ئۇكاڭدىن بىر قانچە ئون ئومۇرنى كەم ئالغانلارغا چاقىرىق قەغىزى كېلىۋاتىدۇ، ئۇكاڭغا يوق. ئۇكاڭ ئۇيانىدا تىت - تىت، مەن بۇيانىدا.

ئادالەت: ئۇ چاغدىكى تىت - تىتچىلىقنى بىر دېمىسىلە، ئاچا؛ مېنىڭ چاقىرىق قەغىزى قولۇمغا تەگكىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەقەززالىق - بىئارامچىلىقنى ئويلايدىغان بولسام ...

ئىززەتخان: ھەپتە كۈتتۇق، يوق، بىر ئاي كۈتتۇق، يەنە يوق. ئاخىرى دەۋاغا ئۆتتۇق. قارىساق، دەۋا ئاقىدىغاندەك ئەمەس. قۇرۇق گەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىدىكى ھېلىقى ئۇلۇغزاتنىڭ قۇلىقىغا ياقىدىغاندەك ئەمەس.

ئادالەت: راست، بەزىلەر بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئىززەتخان: بالا دەردى يامان ئىكەن. بالىنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرىغا چىدىغىلى بولمايدىكەن.

ئادىلجان / ئادالەت: ھەر نېمە دېسە ھەق.

ئىززەتخان: ئاخىرى ئۆيىگە باردىم، نامازشام - خۇپتەن ئارىلىقىدا باردىم. مۇدىر، ئۇنداق قىلمىسىلا، بالامنىڭ بەختىگە زامىن بولمىسىلا، نېمە ئالسىلا بېرەي، ئوغلۇمنىڭ بەخت - تەلىيىنى كۆيدۈرۈۋەتمىسىلە دەپ يېلىندىم، يالۋۇردۇم.

ئادالەت: ئەشۇ توڭلاتقۇنى بېرىدىك دېدىمۇ ئۇنا ئىنساب؟

ئىززەتخان: ياق، سوۋغا - سالام قوبۇل قىلمايمەن، پارىخورلۇق - خىيانەتچىلىككە چىش - تىرنىقىم بىلەن قارشىمەن. ئۆز باھاسىدا سېتىپ بېرەي دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، بوپتۇ، رايىڭىزغا باقاي دېدى.

ئادالەت: ئۆز باھاسىدا سېتىۋالدىمۇ؟

ئادىلجان: قالتىس ئىش قىپتىمۇ؟

ئىززەتخان: شۇنداق، قالتىس ئىش قىلدى!

ئادالەت: زىدە بولۇپ كەتكەن ئىچ مايماق توڭلاتقۇنى ئۆز باھاسىدا ئالغىچە، يېڭىسىنى ئالسا بولماسمىدى ماگىزىندىن؟

ئىززەتخان: ئۇلار 20 يۈەنگە بەرمەيدۇ - دە!

ئادالەت / ئادىلجان: 20 يۈەنگە؟!

ئىززەتخان: شۇنداق، 20 يۈەنلىك چەك ئارقىلىق قولغا كەلگەن نەرسە ئەمەسمۇ بۇ؟

ئادالەت / ئادىلجان: ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يۈەنلىك توڭلاتقۇنى - ھە؟!

ئىززەتخان: ئون يۈەنلىكتىن ئىككىنى ئالدىمغا سۈرۈپ قويۇپ نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر تېخى؟

ئادىلجان / ئادالەت: ھە - ھە، نېمە دەيدۇ؟

ئىززەتخان: (ئەرەنچە ئاھاڭ بىلەن) ئىززەتخان، ئوغلىڭىزنىڭ ئىشىدىن تامامەن خاتىرجەم بولۇڭ. پۇلنى ساق قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن چەكنى ئەۋەتىپ بېرەرسىز - ھە؟ «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

ئادالەت / ئادىلجان: ھۇ، بىنومۇس بۇلاڭچى؟

ئىززەتخان: خەير - بوپتۇ، مەھمۇتجان بالامنىڭ باش - كۆزىنىڭ سەدىقىسى دەۋەتكەنىدىم. قانداق بولۇپ كىرىپ قالدى بۇ ئۆيگە؟

ئادىلجان: كامانىدىرۇپكىغا چىقىپ كەتسەم، قايىم ھاكىمىنىڭ كاتىپى ئەپكىرىپ قويۇپتىغۇ - تاڭ!

ئادالەت: «قويۇنۇمدىن تۆكۈلسە قونجۇمغا» دېگەن شۇدە. ئەمدى بۇ ھەر ئىككى ئائىلىنىڭ ئورتاق مۈلكى بولۇپ قالسۇن. قانداق دېدىم، ئىززەتخان ئاچا؟

ئىززەتخان: ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن بولسا، خاتىرجەم تۇتۇۋېرىڭلار، سىلەرگە ھالال!

ئادالەت: رەھمەت، جېنىم ئاچا. (قۇچاقلايدۇ.) كۆيۈملۈك ئاچا، شۇ نەرسىمىز كەم ئىدى، ئەمدى ھەممە نېمىمىز تەل بولدى، ئارزۇ - مۇرادىمىزمۇ ھەل بولدى!

ئادىلجان: ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن دۆلەت كادىرىغا لايىقراق گەپ قىلىڭا، ئادالەت!

ئادالەت: يەنە نېمە گەپ؟

ئادىلجان: بىلەمسىز، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئوردىسىنىڭ پادىشاھى — ئامىمىنىڭ نەزەرىدىن چۈشكەن شەخس، ئامىمىنىڭ قەھرى - غەزىپى مەركەزلەشكەن شەخس.

ئىززەتخان: راست، بىز دېمەتلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ گېپى تولا، ئاھ - زارى كۆچلۈك!

ئادىلجان: قايىم ھاكىم بولسا، ئۇ كىشىنىڭ خەيرىخاھى، باشپاناھى ئىدى.

ئىززەتخان: قولتۇق تايىقى دېگىنە، ئۇكام.

ئادىلجان: ئەمدى بۇ قولتۇق تاياقنىڭمۇ ...

ئىززەتخان: نېمە؟ ئەھۋالى چاتاقراقمۇ، ئۇكام؟

ئادىلجان: ئۇ كىشى ياڭ شۇجىنىڭ سايىسىدا جان بېقىپ كەلگەنىدى. ياڭ شۇجى پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ...

ئادالەت: جاڭ شۇجىچۇ؟ ئۇ، قولىنمامدىدىكەن؟

ئادىلجان: «يېڭى يۇلتۇز» دېگەن تېلې-ۋىدىيە فىلىمىنى قىزىقىپ كۆرگەنىڭمۇ بىز؟ ھازىرقى جاڭ شۇجىنى ئەشۇ فىلىمدىكى «ۋەلى ئادىل»غا ئوخشاتساق، ھېچقانچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئۇ كىشى قانۇننى بەك تەكىتلەۋاتىدۇ.

ئىززەتخان: يۇرتقا پاتماي كەتكەن ھاكىمنىڭ بېشىغىمۇ كۈن چۈشۈپتۇ - دە، ئۇكام؟

ئادىلجان: ئۇنداق بولمىسا، ئۆيىمىزگە سوۋغا كىرگۈزۈپ يۈرەتتىمۇ ئۇ كاتتا ئەرباب؟

ئىززەتخان: كىرگۈزگىنى ئوبدان بوپتۇ. خاتىرجەم ئىشلىتىۋېرىڭلار ئەمدى.

ئادالەت: ئىشلىتىۋېرىمىز - دە، ئەلۋەتتە.

ئادىلجان: شۇنداق قىلساق بولارمۇ، ئادالەت؟

ئادالەت: بولمايدىغان نېمىسى بار؟ ئاچام ئۆزى رازى - رىزالىق بىلەن بېرىۋەتتىغۇ بىزگە؟

ئادىلجان: سىز ئاچامنىڭ قولىدىن ئالدىڭىزمۇ ياكى ...

ئادالەت: نېمانچىۋالا قىلىپ كېتىمىز؟ سۈپسۈزۈك قاشتېشىغا ئايلىنىپ كەتمەك يەنە، مەڭگۈ پارقىراپ تۇرىدىغان بىغۇبار قاشتېشىغا!

ئادىلجان: سۈپسۈزۈك قاشتېشىغا ئايلىنىپ كېتىش — نەقەدەر پەخىرلىك - ھە؟ بىز ئايلىنىپ كەتسەك، پۈتۈن مەملىكەتتىكى سىياسىي - قانۇن، ئەدلىيە - تەپتىش كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق مەڭگۈ چاڭ - توزان قونمايدىغان خاسىيەتلىك قاشتېشىغا ئايلىنىپ كەتسە، مەڭگۈ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان گۆھەرگە ئايلىنىپ كەتسە، نەقەدەر ئۇلۇغ ئىش بولغان بولاتتى - ھە!

(ھېسامىددىن كىرىدۇ.)

ھېسامىددىن: ئەسسالامۇئەلەيكۇم قىيامەتلىك دوستۇم، ئىشلىرىڭىزنى غەلىبىلىك

ئاياغلاشتۇرۇپ تىنچ - ئامان كەلدىڭمۇ؟

ئادىلجان: خۇداغا شۈكرى.

ھېسامىدىن: تۆت بۇرادەر جەم بولغان ھامان سېنىڭ گېپىڭ، سېنىڭ تەرىپىڭ. قولىقىڭمۇ كۆيدە نەچچە قېتىم قىزىدىغاندۇ - ھە؟

ئادىلجان: قىزىدىلا ئەمەس، كۆيۈپ - پىشىپ، كاۋاپقا ئايلىنىپ كەتكىلى تاس - تاس قالدى دېگىنە، ساۋاقدىشىم.

ئىززەتخان
: ھا - ھا - ھا!...
ئادالەت

ئىززەتخان: بۇلارنىڭ سۆھبىتىگە دەخلى قىلمايلى. يۈر سىلە، ئادالەت. (چىقىپ كېتىشىدۇ.)

ھېسامىدىن: قاشىيەنجاڭ ساڭا بەك كىرىيۈنىدىكەن جۇمۇ. قارىماسەن، شۇنچە ئەتىۋار نەرسىنى ساڭا سوۋغا قىلغىنىنى!

ئادىلجان: قايىم ھاكىمنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇراتتىم مەنمۇ.

ھېسامىدىن: ھەببەللى! مۇشۇ يېرىڭ يارايدۇ - دە! ئادىشىم، بىر تال چېكىپ قويغىنا، ئالىي سورتلۇق چەت ئەل تاماكىسى. ئاجايىپ خۇش پۇراق دېگىنە. ھى - ھى - ھى...

ئادىلجان: چەكمەيدىغانلىقىمنى بىلمەسەنغۇ؟

ھېسامىدىن: بۇرۇن چەكمىگەن بولساڭ، ئەمدى... (تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇيان - بۇيان مېڭىپ) جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە - تەپتىش خادىملىرىنىڭ چەكمەيدىغىنى بولامدۇ؟ ئۇلار كۆرۈنگەن ھامان كىنو - تېلېۋىزور ئېكرانلىرىنى تاماكا ئىسى قاپلايدۇ.

ئادىلجان: رېژىسسورلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش بىلىمى شۇنچىلىك تۇرسا.

ھېسامىدىن: چەكمىگەن ئەمەلدارنىڭ قانچىلىك سۈر - ھەيۋىسى، يۈز - ئابرويى بولامدۇ دەيسەن؟

ھېسامىدىن: نى - نى زۇڭتۇڭلار - زۇڭلىلار، ئاتاقلىق ئەربابلار، ئەقىللىق زاتلار تاماكا ئىسىملىك بۇ ۋابادىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزەلمەكتە. ئۇلارمۇ ئۆز ئىناۋىتىدىن مەھرۇم بوپتۇ - دە، نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئەھۋال بۇ؟

ھېسامىدىن: دوستۇم، بولدى - بولدى، بايىقى گېپىمىزگە كېلەيلى.

ئادىلجان: خوش، پۈتۈن ئەس - يادىم سەندە.

ھېسامىدىن: دوستۇم، ھازىر كەپسەن، خەۋەر تاپمىغانسەن بەلكى.

ئادىلجان: نېمىدىن؟

ھېسامىدىن: يېڭىدىن كەلگەن جاڭ فامىلىلىك ئۆتۈپ كەتكەن يۇرتۋاز، گۇرۇھۋاز ئىكەن جۇمۇ.

ئادىلجان: مۇنداق دە؟

ھېسامىدىن: ساپلا يېشقەدەم كادىرلارنىڭ پېيىنى قىرقىماقچى، يىلتىزىنى كولىماقچى!

ئادىلجان: مۇنداق دە؟

ھېسامىدىن: ئاڭلىسام، بىزنىڭ قاشىيەنجاڭغا كۆز تىكىپ يۈرگىدەك، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرىنىمۇ چەتكە قېقىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ!

ئادىلجان: ئىش چاتاق ئىكەن - دە، قىيامەتلىك دوستۇم؟

ھېسامىدىن: راست، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساق، قولىمىزنى چىشلەپ قالىدىغاندەك تۇرىمىز. «غاز كەتسە، ئۆردەك كۆلنى ئىگىلەپتۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ھۆرمەتلىك قاشىيەنجاڭ تۈگىشىدىغان بولسا...

ئادىلجان: «دەرەخ يىقىلسا، مايمۇن توزۇپ كېتىدۇ» دېگىنە، ئاداش؟

ھېسامىدىن: راست، توزۇپ كېتىدۇ - توزۇپ كېتىدۇ. (ئويلىنىپ) ئاداشىم، باشقىچىراق گەپ قىلىۋاتامسەن نېمە؟

ئادىلجان: قانداق دەيسەن؟

ھېسامىدىن: چىن قەلبىمدىكى گەپنى ئېيتسام، قا شېيەنجاڭنى يۆلەيلى، بار كۈچىمىز بىلەن يۆلەيلى!

ئادىلجان: چوڭ دەرەخ يىقىلىپ كەتسە، مايمۇنلارنىڭ ھالى خاراب، شۇنداقمۇ؟

ھېسامىدىن: ھە؟ نېمە دېدىڭ؟ سەن يۆلىمەمسەن؟

ئادىلجان: نېمە بىلەن يۆلەيمەن؟ ئەشۇ توگلاتقۇ بىلەنمۇ؟

ھېسامىدىن: ئادىل! سەن - سەن ئاينىپ كەتتىڭمۇ نېمە؟ سېنى ئۆستۈرگەن قا شېيەنجاڭنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ؟ بىلىپ قويغىنكى، بىزنىڭ قا شېيەنجاڭ — ئۇچماس توخۇ، كۆچمەس تام!

ئادىلجان: ناھىيىمىزنىڭ سەددىچىن سېپىلى دېيىلگىن تايىنلىق.

ھېسامىدىن: ئۇنداق دېمىسەڭمۇ ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ھەر ياقتا سوزۇلغان يىلتىزىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالما!

ئادىلجان: يەنە نېمىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىم كېرەك، ھېسامىدىن كاتىپ؟

ھېسامىدىن: بۇ قېتىم سەن قا شېيەنجاڭنى ئورنىغا ئىتتىرىش ماتېرىيالى تەييارلاش يولىدا سوكۇلدىدىڭ - ھە؟ مۇنچە قىلىپ كەتمە، «سۇ كېتىپ تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىپ قاش» دېگەننى ئۇنتۇپ قالما!

ئادىلجان: يەنىچۇ؟

ھېسامىدىن: «ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن، ئەرباب ئۇرار ھەرباب بىلەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئۇنتۇپ قالما! (چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ.)

ئادىلجان: توختا، پىتۇرغىن، دوستۇم. ئۈچ ئېغىز ھېكمەتلىك سۆزۈڭ ئۈچۈن بېرەر نەرسە ئىنئام قىلمىسام بولماس. (توگلاتقۇنى كۆرسىتىپ) ئال، مانا بۇ ئالىي مۇكاپاتنى قوبۇل قىل!

ھېسامىدىن: (بىراقلا يۇمشاپ) ئادىلجان، بۇ ... بۇنداق ... قىلماق.

ئادىلجان: قايىم ھاكىمغا ئوچۇق ئېيت: بۇ نەرسىنى ئەسلى ئىگىسىگە دەرھال تاپشۇرۇۋېتىشنى دەرگىز ئۇنۇتمىسۇن! جاپاكەش خەلقنى قاقشىتىپ تېپىۋالغان ھارام بايلىقنىڭ ھەممىنى شەرتسىز قايتۇرۇشنى ئۇنۇتمىسۇن!

ھېسامىدىن: ئادىل، بۇ شەپكە ساڭا باقىۋندە ئەدەس. ئۆت كۈندە ئايرىلىپ قالمىغىن يەنە!

ئادىلجان: بۇ شەپكىدىن ئايرىۋېتىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىشى مۇمكىن، ئىماندىن ئايرىۋېتىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ۋىجدانىمدىن ئايرىۋېتىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ! چۈنكى مەن ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن. ھالال بىلەن ھارامنى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار!

ھېسامىدىن: (پالۋۇرۇشقا ئۆتىدۇ) جان - جىگەر دوستۇم، مۇنداق قارامىلىق قىلما، ئاقىۋىتىڭنى ئويلاپراق ئىش قىلغىن.

ئادىلجان: ھېسامىدىن، ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭنى يىغىشتۇر. ئېلىپ كەت بۇ نەرسەڭنى!

ھېسامىدىن: ئادىلجان ئاداش، مەن خۇش بولاي، بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ يۈرمىگىن.

ئادىلجان: ياق، ئېغىز ئاچماي تۇرالمايمەن! سەنمۇ ئاڭلا، قىيامەتلىك بۇرادەر!

«يەي دېسە پۇقرا بېغىدىن پادىشاھ بىر ئالمىنى، يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار دەرەخنى غالچىسى. كۆرسە سۇلتان بەش توخۇمغا زورلۇق ئەيلەشنى راۋا، مىڭ توخۇنى زىخقا تارتقاي لەشكەرىدىن قانچىسى.»

ھېسامىدىن: جاۋابىڭ شۇمۇ؟

ئادىلجان: شۇ!

ھېسامىدىن: خەپ، كۆرەرمىز تېخى! (چىش قىچىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

(ئىززەتخان بىلەن ئادالەت كىرىدۇ.)

ئىززەتخان: قايسى دانىشمەننىڭ نەزمىسى بۇ، ئۇكام؟

ئادىلجان: شەيخ سەئدى ھەزرەتلىرىنىڭ.

ئىززەتخان: نەقەدەر دانا ھۆكۈم - ھە، ئادالەتقىز؟

ئادالەت: شۇنداق. پۈتۈن پارتىيە - ھۆكۈمەت، سىياسىي - قانۇن كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلتۇمار قىلىپ بويىنىغا ئېسىۋالغۇدەك، يۈرىكىگە نەقىش قىلىپ چېكىۋالغۇدەك ھېكمەتلىك نەزم ئىكەن.

ئادىلجان: شەيخ سەئدى ھەزرەتلىرى بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئىران پادىشاھى نۇشىرۋانى ئادىلنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن يازغان. ئەپسۇسكى، 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقان دېرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى ئەنە شۇ فېئودال پادىشاھلارچىلىك بولالمايۋاتىدۇ. نەپسانىيەتچىلىكنىڭ قارا پاتقىقىغا بۇرنى - قۇلىقىغىچە پېتىپ كېتىۋاتىدۇ! ئاشكارا ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1982 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر خىل جىنايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار 151.935 كىشىگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دېرىجىلىك رەھبىرىي كادىر 635 نەپەر.

ئىززەتخان: خېلى بار ئىكەن.

ئادالەت: راست، سەل قارىغىلى بولمىغۇدەك.

ئادىلجان: مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىر تەپتىش كادىرى قانداق بولۇشى كېرەك؟

ئادالەت: سۈپسۈزۈك قاشتېشىدەك پاك - پاكىز بولۇشى كېرەك!

ئادىلجان: (ھەيرانلىق ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە) ئادالەت!

ئادالەت: بىز ئاڭلىدۇق، گەپ - سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىنى ئاڭلىدۇق، بىر قارارغىمۇ كېلىپ بولدۇق.

ئادىلجان: قانداق قارار؟

ئادالەت / ئىززەتخان: قوللاش، يار - يۆلەك بولۇش!

ئادىلجان: رەھمەت سىلەرگە!

ئىززەتخان: ئۇكام، بايىقى ھېكمەتلىك نەزمىنى يەنە بىر ئوقۇغىنا.

ئادىلجان: بولىدۇ، ھەممىمىز تەڭ ئوقۇيلى، ئاسمان - زېمىنغا ياڭرىتايلى:

ئۈچ كىشى: (تەڭ ئوقۇيدۇ)

ئەي دېسە پۇقرا بېغىدىن پادىشاھ بىر ئالمىنى،
يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار دەرەخنى غالچىسى.
كۆرسە سۇلتان بەش تۇخۇمغا زورلۇق ئەيلەشنى راۋا،
مىڭ توخۇنى زىخقا تارتقاي لەشكىرىدىن قانچىسى.

1988 - يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر

www.uyghurkitap.com




# كۆچەي قىياتاش رەسىملىرى

ئابدۇقەييۇم خوجا

توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا كۆچەي* يېزىسى جايلاشقان. بۇ يېزىنىڭ شىمالىي تەخمىنەن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە تەۋە بىر جىلغا بار. بۇ جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئېگىز - پەس تاغۇ - تاشلارنى يەرلىك ئۇيغۇرلار «پەنجىرتاغ» دەپمۇ ئاتايدۇ.

كۆچەي يېزىسىنىڭ غەربىي تەخمىنەن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا «توغراقبۇلاق» دېگەن جاي بولۇپ، ئەنە شۇ «پەنجىر تاغ» ۋە «توغرا بۇلاق» تىكى تاغۇ - تاشلاردا بىر مۇنچە قىياتاش رەسىملىرى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «رەسىملەر» دېيىلىدۇ) بار.

بۇ جايلار 1985 - يىلدىن 1988 - يىلى 10 - ئايغىچە ئىلگىرى - ئاخىرى ئۈچ - تۆت قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، قەدىمدە بۇ ماكاندا يا - شىغان ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىياتاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئەت ئەسەرلىرى، قەدىمكى ئىز، قەدىمكى قەبرە قاتار - لىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ئېنىقلاندى.

«پەنجىر تاغ» جىلغىسى بىلەن «توغراق بۇلاق» تىن تېپىلغان رەسىملەر تەڭرىتاغ قىياتاش رەسىملىرى تۈركۈمى ئىچىدە دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، زىچ، سانى خېلى كۆپ، مەزمۇنغا باي، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، ۋەكىل - لىك خاراكتېرگە ئىگە سەنئەت ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## «پەنجىر تاغ» رەسىملىرى

«پەنجىر تاغ» جىلغىسىنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى بىر كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، مۇتلەق كۆپ قىسمى قىزغۇچ قوڭساڭغۇ تاشلاردىن تەركىب تاپقان قاتمۇ - قات، ئېگىز - پەس تاغۇ - تاشلار بار. بەزى جايلاردىكى تاغۇ - تاشلار ھەرىنىڭ ئۇۋىسىدەك ھۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەچكە، يەرلىك ئۇيغۇرلار شۇنىڭغا قاراپ




* كۆچەي (كۆچ جاي) - پېشقەدەملەرنىڭ دېيىشىچە؛ كۆچكەن ماللار قونۇپ ئۆتىدىغان جاي بولۇپ، كۆچەي - كۆچ كۆچۈرۈپ ماڭغان ماللار قونىدىغان ماكان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

* يەنە بەزىلەر، كۆچەي، كۆھ(تاغ) جاي يەنى تاغلىق جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپمۇ قارايدۇ.

«بەنجىر تاغ» دەپ ئاتالغان (1 ـ فوتو سۈرەت).



(1 ـ فوتو سۈرەت)

تەگرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ جىلغا ئۆزىنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى بىلەن قەدىمدىن تارتىپلا ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىق مەيدانى ۋە مال ـ چارۋىلارنى قىشلىتىدىغان تازا مۇۋاپىق قىشلىقى بولۇپ كەلگەن. ھازىرمۇ جىلغىدىكى ئېقىن، بۇلاقلار ئەتراپى، تاغ يامزاللىرى ۋە تەكشىلىكلەردە باراقسان بولۇپ ئۆسكەن يۇلغۇن، قومۇش، تال، يانتاق، سۆكسۆك، چاكاندا، ئازغان، قوغۇراق تىكەن قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر، يۇلغۇن، يانتاق، قومۇشتىن ھاسىل بولغان چاتقاللىقلاردا ياۋا توشقانلار، تاغۇ ـ تاشلاردا تۈلكە، جەرەن، كېيىكلەر، ياۋا كەپتەر قاتارلىق بىر مۇنچە ياۋايى ھايۋاناتلار ۋە ئۇچار قاناتلار بار.

قىياتاش رەسىملىرى شەرقىي قىرغاقتا كۆپ ۋە زىچ، ھازىرغىچە ئېنىقلانغانلىرى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سانىغاندا تۆت نۇقتا (ئورۇن) دا 25 گورۇپپا؛ غەربىي قىرغاقتا ئازراق بولۇپ ئېنىقلانغىنى ئىككى نۇقتا (ئورۇن) دا 6 گورۇپپا رەسىم بار.

رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىر خىل قىزغۇچ قۇمساڭغۇ تاشلارنىڭ تەكشى يۈزىگە چېكىپ ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە تاغ بەلدەمچىلىرىدىكى كۈنگەيگە قاقلانغان تەبىئىي «تاش تام» لاردا ۋە بەزىلىرى يوغان قورام تاشلاردا ۋە بەزىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان، تۈز تاش دۈمبەلچە تاش بېشىدا ئۇچرايدۇ.

شەرقىي قىرغاقتىكى رەسىملەر جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا ئىككى كىلومېتىر دائىرىدىگە، غەربىي قىرغاقتىكىلىرى بىر كىلومېتىر ئارىلىقتا سوزۇلغان دائىرە ئىچىگە جايلاشقان. رەسىملەرنىڭ جايلاشقان ئورنى، كۆلىمى، سانى، تېمىسى، مەزمۇنى قاتارلىقلار خىلمۇ خىل بولۇش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئويۇلۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزى يوغان «تاش تام»لاردىكى بىر كۆرۈنۈشتە تۈرلۈك قىياپەتتىكى، نەچچە ئونلىغان ھەر خىل ھايۋانات رەسىملىرى بار بولسا، بەزى يوغان قورام تاشلاردا پەقەت بىر نەچچىلا ھايۋاننىڭ رەسىمى ئۇچرايدۇ. ئادەتتە، دەسلەپكى دەۋرلەرگە خاس رەسىم ـ كۆرۈنۈشلەردە بەزى ياۋايى ھايۋان ئوبرازى ناھايىتى قوپال، ئاددىي، تۇرغۇن ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولسا، نىسبەتەن كېيىنكى دەۋرلەرگە خاسلىرى باشقىچە ئۇسلۇبتا، مەسىلەن، ھايۋانلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۈسۈشۈۋاتقان، جىددىي ھۈركۈپ قېچىۋاتقان، بويۇن، بەللىرىنى تولغاپ ھەريان قاراۋاتقان، سەكرەۋاتقان، مەلۇم نەرسىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىۋاتقان قىياپەتلىرى خۇددى تىرىكتەكلا، جانلىق، كۆركەم، ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بىر پارچە يوغان تاش بېتىگە ئويۇلغان بەزى كۆپ قاتلاملىق رەسىملەردە خىلمۇ خىل ياۋايى ھايۋانلار، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، تۇرمۇش ۋە باشقا ئابستراكتلاشتۇرۇلغان ئوبرازلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دىققەت بىلەن

www.uyghurkitap.com

كۆزە تىمسە قايسى خەلقلەرنىڭ بۇرۇن، قايسى خەلقلەرنىڭ كېيىنرەك ئويۇلغانلىقىنى ئايرىش تەسكە چۈشىدۇ. ھەتتا بەزى ھايۋان رەسىملىرى ئوڭدىن قارىسا بىر خىل، سولدىن قارىسا يەنە بىر خىل، تەتۈر قارىسا يەنىمۇ بىر خىل كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بەزى بىر خىل رەسىملەر كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ، ئىرماش - چىرماش ئالاھىدىلىككە ئىگە.

«پەنجىر تاغ» رەسىملىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) ھەر خىل ياۋايى ھايۋانات رەسىملىرى؛ بۇ خىل رەسىملەر — گۆشخور ھايۋانلاردىن، بۆرە، يولۋاس، يىلپىز، تۈلكە، ئىت قاتارلىقلارنى، چۆپخور ھايۋانلاردىن، بۇغا - مارال، غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى، بۆكەن، غاز بويۇن بۆكەن، كۆكمەت (تورۇق تېكە)، جەرەن، ئات، تۆگە، خېچىر، كالا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (1 - رەسىم).




2) ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە توتېمغا دائىر رەسىملەر؛

3) ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەم رەسىملىرى؛ بۇ خىلدىكىلەردە ئوقيا ئېتىۋاتقان، ئوقيا بىلەن ئاتلىق ۋە پىيادە ئوۋ قىلىۋاتقان، ئات مىنگەن، تۆگە مىنگەن، خېچىر مىنگەن ئادەم رەسىملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

4) مال - چارۋا پادىلىرى ۋە مالچىلار رەسىملىرى؛

5) ھەر خىل تامغا، بەلگە - نىشان، يېزىققا ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىللەر رەسىملىرى؛

ئەمدى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھەرقايسى تۈرلەر ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم رەسىملەرنى ئۆز رېتى بويىچە ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرىمەن: غەربىي قىرغاقتىكى يولنىڭ بويىدا چوقچىيىپ تۇرغان تىك دۈمبەلچە قىيالىق تاش بار. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە — يەتتە مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەرگە غەربىي قىرغاق 1 - نۇقتا 1 - گۇرۇپپا A — B رەسىملەر تۈركۈمى دەپ نومۇر بېرىلدى. بۇ قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، دىققەت بىلەن قارىسا، ئۇنىڭ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قىيپاش تەكشى يۈزىگە ئويۇلغان بىر دۈنچە بۇلاق، ئېقىن، كۆلچەك، تارماق - تاراملار، ئوقيالىق ئادەم، ئەجدادلار تۈتىم قىلغان ھايۋانلاردىن غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىقلار ۋە ھەر خىل تامغا، بەلگە - نىشان، ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئىرماش - چىرماش نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قارىماققا ناھايىتى ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن «تاش خەرىتە»گىلا ئوخشايدۇ (شۇڭا تۆۋەندە ئۇنى قىسقارتىپ «تاش خەرىتە» دەپ ئاتالدى).

قىيا تاش يۈزىدە بۇ خىل تاش خەرى -

www.uyghurkitap.com

تىدىن ئىككىسى بولۇپ، تۆۋەندە بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان «A» بۆلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىمەن. تاش خەرىتىنىڭ «A» بۆلىكى ئابيومى 7 × 6.60 مېتر كېلىدىغان قىزغۇچ قۇمساڭغۇ تاشتا (2 - فوتو سۈرەت).



(2 - فوتو سۈرەت)

بۇ قىممەتلىك «تاش خەرىتە» نەچچە مىڭ يىللىق جۇدۇن - چاپقۇننىڭ سوقۇشى، كۈچلۈك كۈن نۇرىنىڭ چېقىشى بىلەن چاك كېتىپ، يېرىلىپ، خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان 40 — 50 كە يېقىن بۇلاق بېشى، ئېقىن سۇ، كۆلچەك ۋە بىرمۇنچە ھەر خىل قىياپەتتىكى ھايۋانات رەسىملىرىنى بىرمۇبىر ساناپ چىققىلى بولىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، تاشقا ئويۇلغان چوڭ - كىچىك ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى، قوشۇلغان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى كۆلچەكلەرگە قويۇلۇپ، ئاخىرىدا بەزى چوڭراق ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغانلىقىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلار تاشنىڭ شىمالىي بۇرجىكى (ئېگىزرەك)دىن جەنۇبىي (پەسرەك) تەرىپىگە ماسلاشتۇرۇپ ئويۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ئېقىن 3.50 مېتر، ئويۇلغان سىزىقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 9 — 13 سانتىمېتر، توملۇقى 15 — 30 سانتىمېتر كېلىدۇ.

ئىگىلىشىمچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇ كەمگىچە تېپىلغان ھەر خىل قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ئەجدادلارنىڭ سۇنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان ئىپتىدائىي «زات» كۆز قاراشلىرىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل خىسلەتلىك «تاش خەرىتە»نىڭ تېپىلىشى تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەجدادلارنىڭ ئالەم - تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەت «تۆت زات»تىن تەركىب تاپقان دېگەن كۆز قارىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات شارائىتلىرى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىقلىمى ۋە بىلىش فورماتسىيىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ تەخمىنەن ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدە ئالەم تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي قاراشلىرىنى بىلدۈرەتتى. دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تاش خەرىتىدىكى سۇ — ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنى مۇقەددەس - ئىدۇق (بەخت) ئاتا قىلغۇچى شەيئىلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تاش خەرىتىدىكى بەزىبىر سۇ ئېقىنلار ئارىسىدىكى مەلۇم ئارىلىقتا ھەر خىل قىياپەتتىكى غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى ئالاھىدە قىلىپ مەسىلەن، ئارقارنىڭ تېنى قامەتلىك، مۈڭگۈزلىرى ئەگمەچ ئويۇلغاندىن تاشقىرى يەنە شۇ ئەگمەچ مۈڭگۈزنىڭ ئىچى - تېشىغا تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ كىچىك ئارقارنىڭ رەسىمىمۇ بىللە ئويۇلغان (2 - رەسىم).

بۇ خىل ئويۇش ئۇسۇلى ئەجدادلارنىڭ تۇتېمې



2 - رەسىم

ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيەت-لىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەتتە تۇتېمغا ئائىت رەسىملەر قىيا تاشلارنىڭ كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان يەرلى-رىگە ئويۇلىدۇ. ئاشۇ خىل تۇتېمغا ئائىت رەسىملەرنىڭ بىر - بىرىگە ئاساسەن ئوخ-شاپ كېتىدىغان نۇسخىلىرى چۇغاي تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، ئالتۇن تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ باشقا جايلىرىدىن تې-پىلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال بىزگە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىگە «كالا»، «بۈركۈت»، «ئەجدىھار»، «ئېيىق» قاتارلىق ھايۋانلارنى تۇتېم قىلغان بولسا، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىگە «غۇلجا - ئارقار»، «تاغ تېكىسى»، «بۆرە»، «يولۋاس»، «شىر»، «قاپلان»، «بۇغرا»، «قارچىغا» قاتارلىقلارنى تۇتېم قىلغانلىقىنى ۋە ئاشۇ خىل تۇتېم، ئې-تىقادلىرى ئارقىلىق ئۇرۇقداشلىق ئىتتىپا-قىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشقانلىقىنى چۈ-شەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«تۇتېم» قىلىنغان ھايۋانات، ئۇچار-قاناتلارنىڭ ھەر خىل ئوبرازلىرىنى قىيا تاشلارنىڭ مۇھىم يەرلىرىگە ئويىدىغان بۇ ئەنئەنە كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ كېڭىيىپ، ساپالدىن، ياغاچتىن، ھەر خىل مېتاللاردىن ياسالغان بۇيۇملاردىن تارتىپ تاكى يىپەك، پاختا، كەندىرلەردىن توقۇلغان خىلمۇ خىل توقۇلمىلارغا گۈل - نۇسخا ئورنىدا چۈشۈرۈلىدىغان بولغانىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن-لىرىدىن قېزىۋېلىنغان ھەرخىل يادىكارلىق-لاردا ھايۋانات، ئۇچار - قانات تېما قى-لىنغان گۈل - نۇسخىلارنى كۆپلەپ ئۇچرات-قىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، پىكىرى-مىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى بىر قانچە مىسالنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. مەسىلەن، مىلادىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە ھۆكۈم سۈرگەن تۈرك، ھون خاقان-لىرى، شاھزادىلەر، سەركەردىلەر ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نام - ئاتاق-لىرىنى ئۆز ئەجدادلىرىدىن تارتىپ تېۋىنى-دىغان ئاي، كۈن، يۇلتۇز قاتارلىقلار ۋە تۇتېم قىلىپ كەلگەن ھايۋانات، ئۇچار - قاناتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتاشقا ئادەت-لەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «تەڭرىقۇت»، «كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۈچلۈك بىلگە خاقان» (كۈن تەڭرىدىن ئۇلۇغ بولۇپ تۆرەل-گەن كۈچلۈك دانا خاقان)، «كۆلتېگىن»، «ئاي تېگىن»، «ئاي توران»، «كۈنبەك»، «بۇغراخان»، «ئارسلانخان»، «بوقاخان»، «بارسقان» ... دەپ ئاتالغانىدىن تاشقىرى، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ناملىرىمۇ «بارس بوقا»، «تۆمۈر بوقا»، «بويان بوقا»، «ئەر تۇغرۇل» ۋەھاكازا دەپ ئاتىلاتتى. ھەتتا يۇقىرىدىكى نام - ئاتاقلار تاكى «قاراخا-نىلار» سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد

www.uyghurkitap.com

قىلغاندىن كېيىنمۇ ئەسىرمۇئەسىر (بەزى تۈركىي مىللەتلەردە ھازىرغىچە) داۋاملاشماقتا.

يۇقىرىدىقىلاردىن مەلۇمكى، تۇتېم ۋە ھەر خىل تەڭرى ئېتىقادلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئىزچىل داۋاملاشقان، بۇ ئېتىقاد – يۇسۇنلار ئەجدادلىرىمىزدىن ھەر قايسى تۈركىي قەۋم – مىللەتلەرگە قالغان.

تۆۋەندە ھايۋانات رەسىملىرى توغرىسىدا توختىلىمەن. پەنجىر تاغ رەسىملىرىدىنىڭ 90% كۆپرەكىنى چۆپخور ۋە گۆشخور ھايۋانات رەسىملىرى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چۆپخور ھايۋانات رەسىملىرىنىڭ تۈرى، سانى كۆپ بولۇپ مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇخىل رەسىملەردە ئومۇمەن مەيلى تەنها ھايۋان ياكى ھايۋانلار توپىدا بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەممىدە ھايۋانات دۇنياسى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چۆپخور ھايۋانات ئىچىدە ئاچا تۇياقلىق ھايۋانلار بىلەن كاۋاك مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلار رەسىمي ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە زاددىلا ئۇچرىمايدىغان يولۋاس، ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن يىلپىز، غازبويۇن بۆكەن قاتارلىقلارنىڭ كۆركەم ئويۇلغان رەسىملىرى ئۆز زامانىسىدا تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى ئىچىگە ئالغان مۇشۇ كەڭ زېمىندىمۇ يولۋاس، غاز بويۇن بۆكەن قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا 19 – ئەسىرگىچە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا يولۋاس، قورۇم (كوئېنلۇن) تېغىدا يىلپىز بار بولۇپ، 20 – ئەسىرگە كەلگەندە ئوۋچىلار قوزۇتۇۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ («شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» 17 – بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 – يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە).

قەدىمكى قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنى ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەمەلىي تۇرمۇشى جەريانىدا ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، ئىستېتىك تۇيغۇسى ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قەدىمكى تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىدىمۇ مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. شۇڭا دەسلەپكى دەۋرلەرگە خاس، ئاددىي، قوپال، قالايمىقان، قىياسەن ئىشلەنگەن رەسىملەرنىڭ ئورنىنى (بۇخىل رەسىملەردە ھايۋانات ئوبرازى كۆپرەك يان كۆرۈنۈشتىن بېرىلگەن بولۇپ، تاق مۈڭگۈزلۈك، ئالدى – ئارقا ئىككى پۇتلۇق، تۇرغۇن ھالەتتە ئىپادىلەنگەن) كېيىنكى دەۋرلەردە ساددا، ئوبرازلىق، مۇرەككەپ، كۆركەم، خىلمۇ خىل تېما، مەزمۇن، ۋەقەلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەسىملەر ئىگىلىگەن. قەدىمكى سەنئەتكارلار ھايۋانلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياشاش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلارنى پەقەت قىياپەت، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي بەلكى مەقسەتلىك ھالدا مەلۇم ھايۋاننىڭ مەلۇم جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلىغان. شۇڭا بەزى ھايۋان رەسىملىرى قارىماققا ئاددىي ۋە تۇرغۇن ھالەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە

ئىسىنچىسى كە كۆزەتسە، ئاشۇ تۇرمۇناۋقىنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر بىرخىل جانلىقلىق بىلىنىدۇ. سەنئەتكارلار ھايۋاناتنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى — ئالايلۇق: جىسمى، خۇي-پەيلى، سەكرەۋاتقان، قېچىۋاتقان، بىر نەرسىدىن ھۈركىگەن ۋە باشقا ھالەتتىكى سەزگۈر، شاش، چاققان، زىلۋا - نازۇك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەن، شەكىل ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ جانلىق ئىپادىلىگەن. بۇغا رەسىملىرىدە ئۇلارنىڭ بارقسان شاخچىلىغان مۈڭگۈزلىرى ۋە زىلۋا - نازۇك بەل - پۇتلىرى، بۆكەن، غۇلجا-ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ كۈچلۈك ۋە قامەتلىك تۇرقى، تۈم ۋە ئەگمەچ مۈڭگۈزلىرى، مۈڭگۈزلىرىنىڭ ياش (يىل) بەلدەملىرى، تۆگىلەرنىڭ ئەگرى بويىنى بىلەن لوكلىرى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بەزى كۆرۈنۈشلەردە گۆشخور (يىرتقۇچ) ھايۋانلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى ئالاھىدە، ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەندىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ ئوۋ نىشانىمۇ بىللە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، بۆرە، يولۋاس، يىلپىزلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئوۋ نىشانى — تاغ تېكىسى، غۇلجا - ئارقار قاتارلىقلار بىر كۆرۈنۈشكە بىللە ئورۇنلاشقان.

قىياتاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتى تەتقىقاتىدا، رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەن ھايۋانلارنى تۈر - خىللارغا توغرا ۋە ئېنىق ئايرىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇق، تۈر - خىللىرى بويىچە توغرا ئايرىپ چىقىلمىسا، ھايۋانات ئوبيېكت قىلىنغان قىياتاش رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىلمىي ئاساستا توغرا شەرھلەنمەي قالىدۇ. چۈنكى قىياتاش رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھايۋانات ئوبرازى پەقەت سەنئەت-نىڭ مەھسۇلى، ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى تىرىك ھايۋاننىڭ ئۆزى ئەمەس. شۇڭلاشقا بەزى ھايۋانات رەسىملىرىنى ھايۋانات تۈرلىرى ئالاھىدىلىكى بويىچە نوقۇل ھالدا مەلۇم تۈرگە ئايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنداق بولىدىكەن، بۇ خىل سەۋەنلىك بەزى چاغلاردا مەلۇم بىر رايون ياكى مەلۇم بىر تاغ تىزمىسىنىڭ قەدىمكى زامان بىئولوگىيىسى، جۇغراپىيىسى ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردىن توغرا يەكۈن چىقىرىشقا مەلۇم قالايمىقانچىلىق، ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ.

تۆۋەندە ھايۋانات تېما قىلىنغان، «پەنجىرتاغ» رەسىملىرى ئىچىدىكى كۆركەم، ئوبرازلىق، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇسخىلىرىدىن بىرقانچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

«پەنجىرتاغ» جىلغىسىنىڭ شەرقىي قىرغاق جەنۇبىي ئۇچىدا ئانچە ئېگىز بولمىغان يىراقتىن قارىسا خۇددى تاش دۆۋىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، ئايرىم بىر كىچىك تاش تاغ بار. ئاشۇ دۇمبەلچە تاغ ئۈستىدىن تاغ باغرىغا غۇلاپ چۈشكەن بىر پارچە چوڭ قورام تاش (ئابيومى 2.70 × 2.95 × 0.90 مېتىر) يۈزىدە يولۋاس، غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى، بۆكەن، ئىت قاتارلىقلارنىڭ ناھايىتى ئوخشىتىپ ئويۇلغان رەسىملىرى بار (رەسىملىك تاشنىڭ دالا نومۇرى شەرقىي قىرغاق I - نۇقتا 2- گۇرۇپپا) بولۇپ، قورام تاشنىڭ رەسىم ئويۇلغان يۈزى نەچچە مىڭ يىللىق تەبىئىي يۇزغۇنچىلىق سەۋەبىدىن چاك كېتىپ يېرىلغان، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشتىكى ئالاھىدىلىك — يولۋاس ئوبرازى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭرىتاغ قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە ناھايىتى

ئوخشىتىپ ئويۇلغان يولۋاس رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشىمۇ تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش. رەسىمدە يولۋاس ئوبرازلىرى يان كۆرۈنۈشتىن بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ئالدى - كەينى پۇتلىرى پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن بىرلىكتە يەر بېغىرلىغان، قۇلاقلىرىنى ھۈرپەيتىپ، ئالدىغا قاراپ، مەلۇم نەرسىنى جىددىي كۆزىتىۋاتقان قىياپىتى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن (3 - رەسىم). رەسىمدە يولۋاس


3-رەسىم

سىماسى ئالدى بىلەن تاشقا چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ چېكىتلەرنى بىر - بىرىگە چېتىش ئۇسۇلى بىلەن چېكىپ، ئۇنى يەنە پارالېل سىزىق ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئويۇپ چىققان. يولۋاس بەدىنى (باش، بېقىن، ئالدى - كەينى پۇت ۋە ساغرىلىرى) دىكى قارامۇيۇلۇق ئالا - بۇلىماچ يوللىرى ھەرخىل ئەگرى - بۈگرى پارالېل يۆگىمەچ سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. قارىغاندا، مۇشۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى يالغۇز قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىدىلا ئەمەس بەلكى ئۆز زامانىسىدىكى ھەرخىل توقۇلما، رەڭلىك ساپال قاتارلىقلاردىمۇ بىرخىل قېلىپلاشقان گۈل - نەقىش ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ئۈرۈمچى، تۇرپان، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئالغۇي (ئارغۇغول) قاتارلىق جايلاردىكى مىلادىدىن 4 — 5 ئەسىر بۇرۇنقى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ھەرخىل رەڭدار ساپاللارغا ئاشۇ خىل گۈل-نەقىشلەر (4-رەسىم) چۈشۈرۈلگەن.


4-رەسىم

1، 2، 3، 4- خېجىڭ ناھىيىسى چاپچال جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغانلىرى؛

5، 6- توقسۇن ناھىيە ئارغۇغول (ئالغۇي) قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغانلىرى؛

7، 8- پىچانىدىكى «دۆڭبازار» قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغانلىرى؛

9، 10- ئارغۇلغول قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغانلىرى؛

11- پىچانىدىكى «سۇبېشى» قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغانلىرى.

يەنە مۇشۇ خىل «يولۋاس نۇسخا»لىق گۈل - نەقىش 1985 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق كەنتىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر (بۇنىڭدىن 2800 — 3000 يىل بۇرۇنقى)دىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما رەختكىمۇ چۈشۈرۈلگەن. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، يولۋاس، شىر، يىلپىز قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى

چۈشۈرۈلگەن، ئالتۇندىن ئىشلەنگەن چىرايلىق بېزەك - قاداقلار مىلادىدىن 4 — 5 ئەسىر بۇرۇنقى دەۋرلەرگە خاس ئۇرۇمچى نەنشەن كان رايونى ئەتراپىدىكى، تۇرپان ئايدىڭكۆل، توقسۇن ئالغۇي، قازاقىستاندىكى ئېسىك (ئىشىك) قەدىمكى قەبرىلىرى ۋە ئوردوس يايلاقلىرىدىكى قەدىمكى ھونلار قەبرىلىرىدىن كۆپلەپ تېپىلماقتا. بۇ تېپىلمىلار-مۇشۇ خىلدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، دائىرىسى ۋە بۇ قىممەتلىك سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى ياراتقانلارنىڭ ياشىغان، ھەرىكەت قىلغان يەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېنىقلاشتا تولىمۇ مۇھىم ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي قىرغاق III- نۇقتا 9- كۆرۈنۈشتە، «يىلپىزنىڭ ئارقارنى ئوۋلىشى» تېما قىلىنغان ۋەقەلىك ئويۇلغان. ئۇنىڭدا يىلپىز ئوبرازى يان كۆرۈنۈشتە بېرىلگەندىن تاشقىرى يىلپىزنىڭ مۈشۈكلەرگە خاس ئەۋرىشىملىك بىلەن ئېگىلگەن تېنى، ھۆرپەيگەن قۇلاقلىرى، يوغان ئېچىلغان ئاغزى، ھالقا شەكلىدە قايرىلىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىغان قۇيرۇقى ۋە ئۇنىڭ چاققانلىقى بىلەن ۋەھشىيلىكى چىقىپ تۇرغان قىياپىتى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئىپادىلەنگەن (5- رەسىم). بۇ خىل يىلپىزلار


5- رەسىم

ھازىر ئەڭ ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار قاتارىدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قارلىق چوققا ۋە جىلغىلاردا ئىنتايىن ئاز ساندا ئۇچرايدۇ. ھازىر ئۇ «تيانشان قار يىلپىزى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شەرقىي قىرغاق III- نۇقتا 7- كۆرۈنۈشنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىكى بىر گۇرۇپپا رەسىمدە «بۆرىنىڭ تېكە ئوۋلىشى» تېما قىلىنغان ۋەقە تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدا، ئېتىلىپ كەتكەن بىر ۋەھشىي بۆرىنىڭ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر جۈپ تاغ تېكىسىنى قوغلاپ كېتىپ بارغانلىقى، شۇنداقلا يېتىلگەن، قامەتلىك تېكىلەرنىڭ بۆرىنى ئۆزىگە يەتكۈزمەي قېچىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا قاملاشتۇرۇپ ئويۇلغان (6- رەسىم).


6- رەسىم

يۇقىرىقىلاردىن باشقا شەرقىي قىرغاقتىكى III- نۇقتا 1- كۆرۈنۈش تېخىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. 3×3.30 مېتىر كېلىدىغان يوغان بىر پارچە تاش يۈزىگە بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان، بىر نەچچە تۈركۈم (قاتلام)، ئونلىغان ھەر خىل ھايۋانات، ئاتلىق ۋە پىيادە ئوۋچىلار رەسىملىرى ئويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تاشتا ئانچە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان رەسىملەرمۇ بار. شۇنداقتىمۇ ھازىر يەنە 50 نەچچە ئوبرازنى ئېنىق كۆرگىلى

بولىدۇ. كۆرۈنۈشىنىڭ 2- قاتلىمىغا بىر رەت قاتار قىلىپ ئويۇلغان، ئوخشاش يۆنىلىشكە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقان غاز بويۇن بۆكەنلەرنىڭ ئوبرازى تولىمۇ جانلىق ۋە كۆركەم بولۇپ، ئۇنىڭدا سەنئەتكارنىڭ ماھارىتى نامايەن قىلىنغان (7- رەسىم).



7- رەسىم

بۆكەن رەسىملىرىدە ئادەتتە، يالاڭ پاراللېل سىزىقلار ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆركەم، يېتىلگەن، ھەيۋەت مۈڭگۈزىدىكى ياش (يىل) بەلدەملىرى، ئۇزۇن زىلۋا پۇتلىرى، چىرايلىق چاققان قامىتى يا شەكلى« ⌒ » دە ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ئاددىي ۋە ئالاھىدە ئۇسلۇب «پەنجىر تاغ» رەسىملىرى ئىچىدە كەمدىن- كەم ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن غاز بويۇن بۆكەن ئوبرازىنىڭ تەڭرىتاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ئۇچرىشىمۇ تېخى تۇنجى قېتىم. شۇڭا ئۇ تەڭرىتاغ بىئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە،

يۇقىرىدا گۆشخور ۋە چۆپخور ھايۋانات رەسىملىرى ئىچىدىكى ھەر خىل مەزمۇنغا ئىگە رەسىملەردىن ئازبىر قىسمىنى ئىخچاملاپ تونۇشتۇردۇم. تۆۋەندە ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەملەر (پىيادە ۋە ئاتلىق ئادەملەر، ئوقيالىق ئوۋچىلار، مال پادىلىرى ۋە مالچىلار)نىڭ خىلمۇ خىل ئوبرازى، ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملەردىن بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

بۇ خىل رەسىملەر «پەنجىر تاغ» رەسىملىرى ئىچىدە خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ رەسىملەر بىزگە تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى، ئەجدادلارنىڭ تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تېخى يېزىق ئىجاد قىلىنمىغان ئاشۇ زامانلاردا ئەجدادلارنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان جايلاردىكى تاغۇ - تاشلارغا ھەرخىل رەسىملەرنى ئويۇشتىن ئىبارەت ئەپچىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك «تارىخى»نى يېزىپ چىقالىغانلىقى ھەقىقەتەن كارامەت ئىجادىيەت ئىدى.

تاياق- توقماق، سالغا تاش، قىلتاق، لەخمە (ئورا) قاتارلىق ئامال- چارىلەردىن پايدىلىنىپ ئوۋ ئوۋلاش سېپىتە تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقانىدى. بۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قوراللىرى ئاددىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەربە بېرىش ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوۋ غەنىمەتلىرىگە ئېرىشىشىمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە لازىم ئوزۇقلۇقلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەر خىل خەۋپ- خەتەر، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە دائىم ئۇچراپ تۇراتتى،

سىپتە تاش قوراللاردىن تاش باشاق (قاتتىق جىنىسلىق تاشلاردىن ياسالغان تاش ئوق)، ئېگىلوۋچان ۋە چىدامىلىق ياغاچ ماتېرىياللىرى (كېيىنچە مېتال ۋە تارمۇشلارمۇ ئىشلىتىلدى — ئا)دىن يا، ھايۋانلارنىڭ تېرە-پەيلىرىدىن كىرىچ ئىختىرا قىلىنىپ، ئىنسانلار دەسلەپكى ئوقيانى ياساپ چىقاندىن كېيىن، بۇ يېڭىلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلىرىنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرىغا نۇرغۇن ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. ئوۋچىلىق قورال-سايمانلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي شەرت-شارائىتى ئەۋزەل جايلاردا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرى تەدرىجىي كېڭىيىپ، تۇرمۇش دەئىشەتلىرى ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

رەسىملەر ئىچىدە ئوقيا بىلەن تەنھا ياكى ئىككى كىشىلىك ئوۋ ئوۋلاش كۆرۈنۈشلىرى خېلى كۆپ. ئۇ خىلدىكىلىرىنىڭ دەۋرى نىسبەتەن قەدىمىراق بولۇپ، بەزى كۆرۈنۈشلەردە تەنھا ئوۋچىنىڭ ئوقيا ياسىنى مەلۇم نەرسىگە چەنلەپ تۇرغانلىقى، بەزىلىرىدە بىر نەچچە ياكى بىر توپ ھايۋاننى نىشانغا ئالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بەزى رەسىملەردە قۇيرۇقى بار (ئېھتىمال ئوۋ نىشانىغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن قىلىنغان نىقاب بولۇشى مۇمكىن) بىر ئوۋچىنىڭ ئوقيا بىلەن مەلۇم نەرسىنى نىشانغا ئالغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئومۇمەن ئاشۇ خىلدىكى ئوۋچىلىق رەسىملىرىدە ئوۋچىلارنىڭ ئالايلۇق، بەدىنىنى تىك تۇتۇپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ، ئوقيانى نىشانغا توغرىلاپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوق ئۈزۈشكە تەييار تۇرغانلىقىدەك قىياپەتلىرى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئوخشاشلىق يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى بولۇپمۇ چۇفاي تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، قۇرۇم تاغلىرى، چۆلتاغ ۋە باشقا جايلاردىن تېپىلغان ئوۋچىلىق رەسىملىرىدىمۇ ئورتاقلىققا ئىگە.

«يەنجىر تاغ» جىلغىسى شەرقىي قىرغاق I- نۇقتىدىكى بىر پارچە ئوۋچىلىق رەسىمدە ئوۋ مەيدانى تېخىمۇ قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن (8- رەسىم). رەسىمنىڭ



8-رەسىم

ئوڭ يېنىدا بىر ئوۋچىنىڭ ئوقيا بىلەن بىر جۈپ تېكىنى ئاتقانلىقى، ئاتقان ئوقنىڭ سول ياندىكى تېكىنىڭ ئوڭ پۇتىغا تەگكەنلىكى، رەسىمنىڭ سەل يۇقىرى قىسمىدا بېشىغا قالپاق، پۇتىغا پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن يەنە بىر ئوۋچىنىڭ ئوقيادىن ئۈزگەن ئوقى ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان بوغاز ياۋا ئۆچكىلەر ئىچىدە ئوتتۇرىدىكى ئۆچكىنىڭ ئالدى پۇتىغا تەگكەنلىكى، رەسىمنىڭ تۆۋەنرەكىدە ئوۋ ئىتلىرىنىڭ يەنە بىر يوغان بوغاز ياۋا ئۆچكىنى قوغلاۋاتقانلىقى قاتارلىقلار جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئويۇلغان.

رەسىمدە تەبىئەت بىلەن ئوۋ مەيدانى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئەينەن ئىپادىلەنگەن. ئادەتتە ياۋايى تېكە، غۇلجا- ئارقارقاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار تاقىر باش تاشلىق تاغلاردا

www.uyghurkitap.com

ياشايدۇ. ئۇۋچىلار بىلەن ئۇۋ ئىتلىرى ئۇلارنى قوغلىسا، ئۇلار ھامان چوقتىلاردىكى قىيالىقلارغا قاراپ قاچىدۇكى ھەرگىزمۇ ئويغا قاچمايدۇ. ئۇۋچىلار ئەپچىل ھالدا قورشاۋغا چۈشۈپ بېرىدىغان بۇ خىل ھايۋانلارنى نىشانغا يېقىنلاپ، قىستاپ بېرىپ، تاللاپ تۇرۇپ خالىغانچە ئېتىۋالالايدۇ.

دېمەك، بىز بۇ كۆرۈنۈش ئارقىلىق قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئۇۋچى ئەجدادلارنىڭ تاغ تېكىسى، ئارقار قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ خۇي- پەيلى، خۇسۇسىيەتلىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

تاغ تېكىسى، ئارقار قاتارلىق تاشلىق تاغلاردا ياشايدىغان ياۋا ھايۋانلارنى يېقىندىكى ئەپچىل چارۋىلار بىلەن ئوۋلاش ئۇسۇلى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئوخشاش داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بۇ رەسىمدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك — بېشىغا قالپاق، پۇتىغا پاشىنىلىق ئۆتۈك كىيگەن ئوۋچىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ بىزگە ئۆز زامانىسىدىكى ئەجدادلارنىڭ ھايۋان تېرىلىرىنى، يۇڭلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۇنىڭدىن قالپاق، تون، ئىشتان، ئۆتۈك قاتارلىق كىيىم- كېچەكلەرنى تەييارلاپ، ئۇلارنى ئۆز تۇرمۇشىدا خېلى ئومۇميۈزلۈك ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆۋەندە بىز رەسىمدىكى ئوۋچىنىڭ قالپاق، پاشىنىلىق ئۆتۈك قاتارلىق كىيىم- كېچەكلىرى بىلەن يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان كىيىم- كېچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

1979- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1980- يىللىرى تارىم ۋادىسىدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، شىمالىي قىرغىقىدىكى جايلار ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى تېمەن دەرياسى ئەتراپىدىن بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەر قېزىلىپ، ئۇلاردىن ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىقلار تېپىلغانىدى.

قەبرىدىكى بەزى مېيىتلار تەبىئىي قۇرغاق ھاۋا، قۇرۇق قۇم سەۋەبىدىن چىرىپ كەتمەي بەلكى قۇرۇپ قاق بولۇپ بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان. مېيىتلارنىڭ بەزىلىرىدە ئېگىز، ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن، قالپاقنىڭ يېنىغا بىر نەچچە تال قۇش پېيى قىستۇرۇلغان (بەزى قەبرىلەردىن تېپىلغانلىرىغا ئىككىدىن تارتىپ بەش تال، توققۇز تالغىچە ھەر خىل رەڭدىكى قۇش پەيلىرى قىستۇرۇلغان)، بەزىلىرىدە ئۇزۇن قونچىلىق (تىزدىن ئاشىدىغان) ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن، بەزى مېيىتلارغا ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يۇڭ توقۇلما كىيىملىرى كىيگۈزۈلگەن بولسا، بەزى مېيىتلار قوپال توقۇلغان يۇڭ پالاسلارغا يۆگەپ دەپنە قىلىنغان.

لوپنۇر رايونىدا قېزىلغان ھەممە قەبرىلەردىن دېگۈدەك دورا ئۆسۈملۈك - چاكاندا تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يۇلغۇن، ياۋا كەندىر چىۋىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن ئارىلاشتۇرۇپ ناھايىتى قېلىن ۋە زىچ توقۇلغان بىر خىل سېۋەتچە تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئارپا، بۇغداي دانلىرى چىققان؛ قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە بولغان: 1 - قېتىم بۇ ئەۋرىشكىلەرنى نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى تەجرىبە

قىلىپ بېكىتكەن يىل دەۋرى 117 ± 6412 يىل بۇرۇنقى؛ بۇ سانلىق مەلۇمات دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە بىر مەزگىل زىلزىلە، غۇلغۇلا پەيدا قىلغاندىن كېيىن، 2- قېتىم بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ كاربون 14 تەجرىبىخانىسى ئانالىز قىلىپ بېكىتكەن يىل دەۋرى: بۈگۈندىن 3800 يىل بۇرۇنقى دەپ ھېسابلاندى.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، كۆنچى دەريا ساھىلىدىن تېپىلغان بۇ قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بىزگە ئۆز زامانىسىدا مۇشۇ زېمىندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەسلەپتە ئانىلىق دەۋردىن ئىبارەت ئورۇقداشلىق تۈزۈمى باسقۇچىدا تۇرغانلىقىنى، ئۇلاردا بىر قەدەر راۋاجلانغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك ۋە قوشۇمچە بېلىقچىلىقنىڭمۇ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بەزى قەبرىلەرنىڭ چۆرىسىگە نەچچە قۇر ياغاچ قوزۇقلارنى قېقىپ چەمبەرسىمان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇنى چاقناپ تۇرغان كۈن شەكلىگە ئوخشاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇلاردا يەنە كۈنگە چوقۇنىدىغان ئادەتنىڭمۇ بارلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئەجدادلار بۈگۈندىن 4000 يىل ئىلگىرىلا تارىم ۋادىسىدا يۇڭ پالاس (شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ مەملىكەت مىقياسىدا ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن پالاس - گىلەم ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ)، كىگىز، ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن بۇغداي، ئارپا، كۆن ئۆتۈك قاتارلىقلارنى ئىشلەپ تارىخىي تۆھپە ياراتقانىدى.

ئۆتۈك ھەققىدە مىكوۋىن ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «نىل ۋادىسى، ھىندى ۋادىسى، دىگرىس - ئېۋرات ۋادىسى شۇنداقلا خۇاڭخې ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى ئادەملەر ياغاچتىن ئىشلەنگەن كەشلەرنى كىيەتتى. تېرىدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك كىيمەيتتى. ئۆتۈك - ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى» دەپ يەكۈن چىقارغانىدى.

1985 - يىلى 9 - ئايدا چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردۇق. قەبرىلەر ئىچىدە $85.QZM_2$ نومۇرلۇق (قېزىلغاندا قويۇلغان دالا نومۇرى) قەبرىگە ئۈچ ئادەم دەپنە قىلىنغان، ئۇلارنىڭ بىرى ئەر، قالغىنى ئايال بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بويى ئىككى مېتىر كېلىدىغان بىر ئەر بىلەن بويى 1.90 مېتىر كېلىدىغان ئايالنىڭ جەسىتى بۇزۇلماي ئەينەن دېگۈدەك ساقلىنىپ قالغان. ئەرنىڭ يۈزى دۈگىلەك، بۇرنى قاڭشالىق، كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر قاش - كىرپىكلىرى، ساقال - بۇرۇتى ھەتتا مەيدە تۈكلىرىگىچە ياخشى ساقلانغان. يۈزىگە زەپەرەڭ بوياقتىن ھەر خىل گۈل - نەقىشلەر چۈشۈرۈلۈپ گىرىم قىلىنغان (بۇ قەدىمكى ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك بىر خىل يوسۇن بولۇپ، تەڭرى دەرگاھىغا ساپ، چىرايلىق جامالى بىلەن بېرىشنى كۆرسەتسە، يەنە بىر جەھەتتىن مېيىتنىڭ ئۆڭ - چىرايىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئالاھىدە گىرىم بولۇشىمۇ مۇمكىن) .... مېيىتنىڭ يەنە 5 سانتىمېتىر تومۇلۇقتا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بار. ئۆرۈمە چاچ ئۇچىدىن 15 سانتىمېتىر ئارىلىقتا قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپنى قوشۇپ ئۆرگەن. مېيىتكە جىگەر رەڭ يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق كالتە چاپان، ئوخشاش رەڭدىكى ئۇزۇن ئىشتان، پۇتىغا

ئۇزۇن (تىزدىن ئاشىدىغان)، گۈل بېسىلغان كىگىز پايپاق، پايپاق ئۈستىگە بوغا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن (ئاياللىرىمۇ شۇنداق) ...

بۇ قەبرىلەرنىڭ ئەڭ تېگىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن كاربون 14 ئانالىزى بىلەن تەجرىبە قىلىنغاندىن كېيىن، بۇنىڭ دەۋرى بۈگۈنكىدىن 115 ± 2960 يىل ئىلگىرى دەپ بېكىتىلگەن.

1986 ــ 1988 يىللىرى كۆجەي يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ ئىدارە، ئىشخانا بىنالىرىنى سېلىش جەريانىدا، توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرى قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ ئەتراپى (بۇ يەرنىڭ تەكتى ئەسلىدە خېلى چوڭ كۆلەمدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق ئىكەن)دىن بىر مۇنچە قەدىمكى قەبرىلەرنى ئېچىۋەتكەن. قەبرىلەردىن گۈل - نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن هەر خىل رەڭدار ساپالار، رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر، ئۇنىڭدىن باشقا تۇم قارا يۇڭ يىپتىن توقۇلغان سالۋا تۇماق ① قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان (يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى Ⅲ — Ⅳ - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ).

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، «پەنجىرتاغ» رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئۇۋچىنىڭ تۇماق، ئۆتۈكلىرى بىلەن، لوپنۇر، چەرچەن، كۆجەي قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان هەر خىل يۇڭ توقۇلما، كىيىم - كېچەك ۋە قالپاق - تۇماقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلساق، ئۇنىڭدىن بىز تېخى تارىختا مەلۇم بولمىغان ئەڭ قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوقيا قاتارلىق ئوۋ قوراللىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوۋچىلىقتا خېلى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى، ئوۋ ئىشلىرىدىكى هەر خىل ئەپچىل ئۇسۇل - چارە، تەجرىبىلەرنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللىشىشى نەتىجىسىدە ئوۋچىلىق ئىشلىرى ناهايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، كېڭەيدى. ئوۋچىلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئوۋ غەنىمەتلىرىدىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، بەزىدە هەتتا ئېھتىياجدىن ئېشىپمۇ كەتتى. كىشىلەر ياۋايى هايۋانلار بىلەن بولغان بىۋاسىتە ئېلىشىشلاردا ئۇلارنى ئەپلەپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ تىرىك قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاستا - ئاستا ئىگىلەپ، ئۇزۇن زامانلارغىچە ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد قولغا كۆندۈرۈش ئارقىلىق مال - چارۋا (ئۆي هايۋانلىرى) قىلىپ ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالىدى.

ئەجدادلار ناهايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا، تەدرىجىي

① سالۋا تۇماق - هازىر خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قوزا تېرىسى (سانسان)نى ئەيلەپ، بۇ خىل يوغان، ھەيۋەتلىك تۇماق تىكىلىدۇ. ئۆز زامانىسىدا يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بۇ سالۋا تۇماقنىڭ جۇجۇلىلىرى خۇددى قوزا تېرىسىنىڭ ئۇزۇن موينىغا شۇنچە ئوخشايدۇ.

كۆجەي قەبرىلىرىدىن يىغىۋېلىنغان هەر خىل رەڭدار ساپالار، يۇڭ توقۇلما ۋە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بۇ سالۋا تۇماق هازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.

www.uyghurkitap.com

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كەلدى. يايلارنىڭ ئوتلىقى بىلەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇننى، ئوۋچىلىق ئىشلىرى قوشۇمچە ئورۇننى ئىگىلىدى.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۇلارنىڭ ئاساسىي بايلىقىغا ئايلانغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئۇلار ئۈچۈن ھەم تۇرمۇش ۋاستىسى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇپ قالدى.

تەڭرىتاغ قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدىغان «پەنجىرتاغ» رەسىملىرىدە قەدىمكى زامان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مال - چارۋىچىلىق كۆرۈنۈشلىرى خېلى ساننى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي قىرغاق 4 - نۇقتىغا جايلاشقان، ئابيومى 1.25 × 6.70 مېتىر، چوڭ تاش بېتىگە ئويۇلغان چارۋىچىلىق رەسىملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن (9 - رەسىم).



9-رەسىم

رەسىم تەخمىنەن 30 — 40 مېتىر يانتۇ ئېگىزلىكتىكى تاشلىق تۆپىگە جايلاشقان. چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن بۇ رەسىم ئابيومىنىڭ چوڭلۇقى، ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ زىچلىقى، سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزگىچە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئات (ئاتلىق چارۋىچى)، تۆگە، كالا، ئۆچكە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن بىر قاتاردا يەنە غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىق قولغا ئۆگىتىلگەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوخشاش يۆنىلىش (شەرق) كە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. نەچچە مىڭ يىللىق كۈنگە قاقلىنىش ۋە باشقا تەبىئىي بۇزغۇنچىلىقلار تۈپەيلىدىن تاشنىڭ يۈزى چاك - چېكىدىن يېرىلىپ، بەزى قاتلاملىرى سويۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ھەيۋەت تاش يۈزىدە يەنىلا 100 دىن ئوشۇق رەسىمنى پەرق ئەتكىلى (بەزىلىرىنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى) بولىدۇ.

رەسىمنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدە بىر ئاتلىق، ئوتتۇرىدا يەنە بىر ئاتلىق ئۇلارنىڭ ئەتراپى (ئالدى - كەينى ۋە ئىككى يېنى)دا بىر نەچچە ھايۋانلار يايلاقتىن - يايلاققا ئۇزۇن سەپ تارتىپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىم بىزگە ئۆز زامانىسىدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ يايلاق ۋە قىشلاقلىرىدا ياشىغان چارۋىچى ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەسلىتىدۇ.

تەڭرىتاغ تىزمىسى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 250 — 300 كىلومېتىر، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1700 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تاغ ئاپتونوم رايونىمىزنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، خۇددى ئىككى قانىتىنى كېرىپ تۇرغان قىران بۈركۈتكە ئوخشايدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىسى ئېلىمىز بويىچە مۇزلۇق كۆلىمى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىر 6986 جايدا چوڭ - كىچىك مۇزلۇق بار. قاتار كەتكەن تاغ تىزمىلىرى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان بىر قاتار ئويمانلىق ۋە جىلغىلارنى، مەسىلەن، باي، قاراشەھەر، قۇمۇل

ۋە يۇلتۇزغا ئوخشاش ئويمانلىقلارنى، ئىلى، ئۈچتۇرپانغا ئوخشاش جىلغىلارنى ھاسىل قىلغان. بۇ خاسىيەتلىك تاغ تىزمىسىدا يەنە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانات، ئوزۇقلۇقى مول ھەر خىل ياۋا مېۋىلەر، ئېسىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ھەر خىل ياۋا كۆكتات، ياۋا زىرائەتلەر ناھايىتى مول بولغاندىن تاشقىرى، يەنە كۆلىمى ناھايىتى كەڭ ھەر خىل ئورمان، ئورمان بەلباغلىرى، بارىكۆل يايلىقى، بوغدا - مورى يايلىقى، ئىلى - تېكەس يايلىقىغا ئوخشاش مەشھۇر، پايانسىز يايلاقلار بار. ئەتراپتىكى مۇزلۇقلاردىن ھاسىل بولغان سانسىزلىغان دەريا - ئېقىن، ساي، ئارماق - ئارىلار تەڭرىتاغ باغرىدىكى ۋادىلارغا قاراپ ئېقىپ، ئۇ يەرلەرگە يېشىل ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. تەڭرىتاغلىرى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق خىسلەتلىك ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى بىلەن ھايۋانات ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن.

شۇڭا، يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز بۇ ئانا تاغنى ئۆزىنىڭ بۆشۈكى قىلىپ، بۇ يەردە ياشاپ، ئاۋۇپ ئۆزىگە خاس تەڭرىتاغ مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

تەڭرىتېغىنىڭ كۈنگەي (جەنۇب) تەرىپىگە جايلاشقان «پەنجىر تاغ» جىلغىسى قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدىكى ھاۋاسىنىڭ ئىللىقلىقى، شامىلىنىڭ ئازلىقى، ئوت-چۆپ، سۇلىرىنىڭ مول بولۇشىدەك ئەۋزەللىكلىرى بىلەن قەدىمدىن تارتىپلا چارۋىچىلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىشلاقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشلارنىڭ جانلىق خاتىرىسىنى بۇ جىلغىدىكى تاغ-تاشلارغا كېلىشتۈرۈپ ئويۇش ئارقىلىق، تەڭرىتاغ مەدەنىيىتىگە يەنە بىر مەزمۇن قوشقانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى تاغ-جىلغىلىرىدىن تېپىلغان سانسىزلىغان قىياتاش رەسىملىرى جۈملىدىن ھەر خىل، باي مەزمۇنغا ئىگە تەڭرىتاغ قىيا تاش رەسىملىرىدىن مەلۇمكى، يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ تەڭرىتاغ باغرىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلار ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرگە ئوخشاش دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن ئوۋچىلىق ئىگىلىكىگە، ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىن قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەپ چۆپخور ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ قولغا ئۆگىتىش، كۆندۈرۈش، بېقىپ كۆپەيتىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئاخىرى خېلى راۋاجلانغان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تىكلەش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن.

«...بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى بىر قېتىملىق سەكرەپ ئىلگىرىلەش. بۇنىڭ بىلەن ئوتلاق ئاھالىلىرى بىرىنچى قېتىم ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىش ئارقىلىق يېمەك-ئىچمەكنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇل-چارىنى ئۆگىنىۋالدى، شۇنداقلا ئوۋچىلىق ئىشلىرىدا دائىم دېگۈدەك تەبىئىي چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدىغان ھالەتتىنمۇ قۇتۇلدى.... شۇڭا، ئىنسانىيەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىلىق مۇئەييەن دەرىجىدە تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدى». ①

ئوۋچىلىق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غەنىيمەتلەر ئوتلاق كىشىلىرىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى

① گەي شەنلىڭ: «چۆغاي تاغلىرىدىكى قىياتاش رەسىملەر» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988-يىل نەشرى، خەنزۇچە 359-بەتكە قاراڭ.

قاندۇرالمىغان بولسا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى باسقۇچىغا كەلگەندە، ئەجدادلار ھەر جەھەتتىن ئەجرى سىڭدۇرۇپ، قوي، كالا، ئۆچكە، يىلقا (ئات، قۇلان)، بۇغا، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلگەن، نەسىللىك سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بەلگىلىك دەرىجىدە ئېشىنىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

ئەجدادلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىنى ئىخچام ۋە ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدىغان «ئەر قانىتى ئات» دېگەن ئىبارە دىققەتكە سازاۋەردۇر. شۇڭا، تۆۋەندە ئات ۋە ئاتلىقلار رەسىملىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن:

رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەن ئات، ئاتلىق ئوۋچى، ئاتلىق مالچى ۋە باشقا قىياپەتلەردىكى چەۋەندازلار ئوبرازى — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياۋا ئاتلارنى ئوۋلاپ تۇتۇپ، قولغا كۆندۈرۈپ ئۇنى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئېھتىياجلىق ئۇلاغ، كۆلۈك ئورنىدا سەپەردە، ئوۋدا، مال بېقىشتا، يۈك توشۇشتا، جەڭ ۋە يۈرۈشلەردە دائىم ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاتچىلىق ۋە قۇلانچىلىق ئەجدادلار ئەجرى ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك، قالتىس تۆھپىلەرنىڭ بىرى ئىدى دېسەك، قىلچىمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ پىكرىمىزنى يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئات ۋە ئاتچىلىققا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تارىخنامە، تارىخىي خاتىرىلەرگە پۈتۈلگەن قىممەتلىك بايانلار تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. مەسىلەن:

ئاتالمىش «پېرژىۋالىسكىي ئېتى» دىن ئىبارەت بۇ ياۋايى ئات نەسلىنىڭ يۇرتى يارىش تۈزلەڭلىكى (ھازىرقى جۇڭغار ۋادىسى) دىكى پايانسىز يايلاقلار ئىدى؛

1985-يىلى 9-ئايدا تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىغا جايلاشقان چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش قىلىنغاندا، قەبرە ئۆگزىسىدىكى تەكشىلىكتە مۈڭگۈزى بار پاخلاننىڭ بېشى، كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان جام (قەدەھ)، ئاتنىڭ باش سۆڭىكى، ئاتنىڭ بىر دانە پاچىقى (تېرە بىلەن تۇيىقى قالدۇرۇلۇپ، سۆڭىكى ئېلىپ تاشلىنىپ ئىچىگە قۇم تىقىلغان ياسالما پاچاق)، كىگىز توقۇم ۋە بولغارى (كۆن) دىن تىكىلگەن بۆرەكچە تاش توقۇم قاتارلىقلار قويۇلغان. قەبرە ئۆگزىسى ئاستىدىكى بورا ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن بورا تېگىدىن يەنە ئات، تاي ۋە قۇلان تېرىسى تېپىلغان. بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئېنىقلانغان دەۋرى 115 ± 2960 يىل بۇرۇنقى؛

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان يادىكارلىقلاردىن تۆۋەندىكىچە خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن:

1) قوي ۋە ئات باشلىرىنىڭ قەبرە ئۆگزىسىدىكى تەكشىلىككە قويۇلغىنىغا قارىغاندا، ئۇ تارىم ۋادىسىدىكى ئەجدادلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، قائىدە-يوسۇنلىرىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلىنغان «ئات قۇربانلىق» ۋە «قوي قۇربانلىق» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛

2) ئات بېشى، ئات، قۇلان تېرىسى ۋە تېرىدىن تىكىلگەن بۆرەكچە توقۇم قاتارلىقلار (بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانماقتا) تارىم ۋادىسىدىن تۇنجى قېتىم تېپىلغان نەرسىلەر

بولۇپ، ئۇلار ئەجدادلارنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىلا تارىم ۋادىسىنىڭ چەت-ياقىلىرىدىكى جايلاردىمۇ ئات، قۇلان قاتارلىق ئەتىۋارلىق هايۋانلارنى خېلى ئومۇميۈزلۈك هالدا ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛

1986-يىلى 5—7-ئايلاردا گۇچۇڭدىكى قەدىمكى ئىز قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، بۇ ئىزدىن هەرخىل يادىكارلىقلار بىلەن بىللە ئات، كالا، قوي، ئىت قاتارلىقلارنىڭ سۆڭەكلىرى تېپىلغان. ماتېرىياللار تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان؛

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۈرۈمچى ئولايباي ئەتراپى، توقسۇن ناهىيىسىدىكى ئالغۇي (ئارغۇغول) قاتارلىق بىر قانچە ئورۇنلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىنمۇ هەر خىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە ئات جابدۇقلىرىدىن: ئۈزەڭگە، يۈگەن-نوختىغا ئىشلىتىدىغان تۇچتىن ياسالغان بېزەكلەر تېپىلغان؛

1984-يىلى 1-ئاي ۋە 11—12-ئايلاردا خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناهىيىسىدىكى سامپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش ئېلىپ بېرىلغاندا بىر قەبرىدىن چوققىسىغا ئۆكە (پەي) قادالغان، مەخسۇس جابدۇقلۇق ئات جەسىتى تېپىلغان؛

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ قەبرىستانلىقتىكى يەنە بىر قەبرە (دالا نومۇرى 84.HLSSM1) دىن پۈرمە پۇشقاقلىق رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتان تېپىلغان. ئىشتاننىڭ هەر ئىككىلا پۇشقىقىغا كامالەتكە يەتكەن رەڭدار، كۆپتۈرمە ئاجايىپ تەسۋىرىي رەسىملەر كەشتىلەش ئۇسۇلى بويىچە توقۇلغان. ئىشتاننىڭ ئوڭ پۇشقىقىدىكى گۈل-چېچەكلىك دائىرە ئىچىدە ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك، ئاغزىدا ئۇزۇن نەيگە ئوخشاش بىر نەرسىنى چىشلەپ، ئۇنى ئىككى قولدا تۇتۇپ پۈۋلەۋاتقان، ئۇچىسىغا يەلمە (يوپۇق) يېپىنغان بىر غەلىتە ئوبراز تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ، ئەپسانىلەردىكى ئادەم قىياپەتلىك تۇلپارلارغا ئوخشايدۇ.

1969—1970-يىلى قازاقىستاننىڭ ئېسىك (ئىشىك) قەدىمكى قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان شاهزادىنىڭ ئالتۇن تاجلىق باش كىيىمىنىڭ پېشانە قىسمىغا تىكە مۈڭگۈزلۈك، قاناتلىق ئاتلارنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان تەسۋىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «ساقلارنىڭ دىنىي قاراشلىرىدىكى بىر مۇنچە تەرەپلەر بىلىنسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تەسۋىرلەردە يېڭىچە ئېتىقاد شەكىللىرى بىلەن كونا ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى بىلىنىدۇ».①

«.... ساقلار—ماساگېتلار ئىلاهلار ئىچىدىكى ئەڭ تېز ئىلاھ—كۈنگە ئاتاپ هايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ تېز هايۋان ئاتنى قۇربانلىق قىلاتتى.»②

«ئېسىك (ئىشىك) قەبرىسىدىن تېپىلغان ئالتۇن تاجلىق باش كىيىمىدىكى تىكە مۈڭگۈزلۈك، قاناتلىق ئاتنىڭ تەسۋىرى ئېھتىمال كۈن ئىلاهى بىلەن ئۇرۇق تۇتېمىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن. بۇخىلدىكى تەسۋىرلەر يەنە ئالتايدىكى پازىرىق قەبرىلىرىدىنمۇ تېپىلغان، ئۇنىڭدا ئاتنىڭ بېشىغا بۇغا مۈڭگۈزى ئورنىتىلغان كىگىز كىيدۈرمە كىيگۈزۈلگەن. بۇنىمۇ ئېسىك (ئىشىك) قەبرىسىدىن تېپىلغان ئوبرازغا ئوخشاشلا بىر قانچە ئىلاهلار ئوبرازىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.»③

①، ②، ③، ئېسىك (ئىشىك) قەبرىسى دوكلاتى. موسكۋا «سەنئەت» نەشرىياتى، 1978 - يىل.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ٧-١٧ — ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، تۆۋەندە تارىخىي خاتىرىلەردىكى بىر قىسىم بايانلارنى تونۇشتۇرىمەن:

خەن ۋۇدىي پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان يىللار (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى179—157-يىللار)دا ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ باتۇر تەڭرىقۇتى مىلادىيىدىن 176-يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى مەكتۇپنى يازغان:

«كۆك تەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى خەن پادىشاھىنىڭ سالامەتلىكىنى ئېھتىرام ئىلە سورايدۇ....

...نەۋكىرىدىم ئارقىلىق مەكتۇپ يوللىدىم. ئۆزلىرىگە ئاتاپ بىر تۆگە، تۆتتىن ئات قوشۇلغان شاھانە ھارۋىدىن بىر جۈپ ئەۋەتتىم......»①

«مىلادىيىدىن 201 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىردى. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى شاۋسەن ناھىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇ جايىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ھەربىي ۋالىي خەن ۋاڭشىنىڭ ھونلارغا تەسلىم بولدى. ھونلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سەنشىدىكى تەييۈەن، جىڭياڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى لىيۇباڭ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 205—195-يىللار) ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىرى لۇجىڭ ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، لىيۇباڭنى ئاگاھلاندۇردى... لېكىن لىيۇباڭ ئۆزى 325 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش بولۇپ ھونلارغا قارشى ماڭدى.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باتۇر تەڭرىقۇت خىللانغان 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ھون قوشۇنلىرىنى فىڭچىڭ (ھازىرقى داتۇڭ) شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بەيدىڭ تېغىنىڭ ئېدىرلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، لىيۇباڭنىڭ كېلىشىنى پايلاپ بۆكتۈرمىدە تۇردى....سىماچيەننىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى قارا ئاتلىق، شەرقىي تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، جەنۇبىي تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىق، غەربىي تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق ھونلار قورشاپ ئالغانىكەن»②. دېمەك «تۆت خىل رەڭدىكى 400 مىڭ خىللانغان ئاتنى بىر نەچچە مىليون ئاتنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئېلىش مۇمكىن ئىدى»③.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن پاكىت ۋە بايانلاردىن مەلۇمكى، يىراق قەدىمزامانلاردىن تارتىپ بىپايان ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشاپ كەلگەن ھون، ساق، تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيىدىن خېلى ئەسىر بۇرۇنلا «چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى»نى يارىتىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ھازىرغىچە تېپىلغان ۋە تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، تارىخىي خاتىرىلەر ئەجدادلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان بۇ تۆھپىلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇلار ياراتقان

① بەنگو: «خەننامە، ھونلار تەزكىرىسى»، خەنزۇچە 11- جىلد، 3756—3757-بەتلەرگە قاراڭ.

②، ③ تۇرغۇن ئالماس: «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى، 34-، 199-بەتلەر.

قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

مىلاددىن ئىلگىرى ياشىغان ئەجدادلاردىن ھونلار زامانىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تېخىمۇ يۈكسىلىپ، مىليونلىغان ئات، كالا، قوي، تۆگىلەر يايلاپ دالىلارنى قاپلىغانىدى.

ھونلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئاتچىلىق، قويچىلىق، كالىچىلىق، تۆگىچىلىك، مال-چارۋا ئەمچىلىك (مال دوختۇرلۇق)، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق ۋە نەسىل يېتىشتۈرۈش، ئىرسىيەتچىلىك قاتارلىق بىر مۇنچە ساھەلەردە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاردا شۇنچىلىك تەرەققىيات بولمىسا نەچچە يۈز مىڭلىغان قارا، كۆك، قىزىل تورۇق، ئاق بوز رەڭلىك جەڭ ئاتلىرى، «تۆتتىن ئات قوشۇلغان شاھانە ھارۋا» لىرىمۇ بولمىغان بولاتتى. شۇڭا، كېيىنكى چاغلاردا ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن خىللانغان، ئېسىل نەسىللىك ئات، كالا سورتلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجداد - ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ياۋروپاغىچە يېتىپ بارغان ھونلاردىن تارقالغانلىقىنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى، 1960 -، 1970 -، 1980 - يىللاردا تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش تەكشۈرۈشلەردە ھەر خىل قىممەتلىك يادىكارلىقلار قاتارىدا ياغاچ ۋە لايدىن ياسالغان بىر مۇنچە ئات، تۆگە، قوي، كالا قاتارلىقلارنىڭ قونچاق ھەيكەللىرىمۇ تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چىرايلىق، ئېسىل جېرەن قاشقا جەڭ ئاتلىرىنى مىنگەن لەشكەرلەر، تورۇق قاشقا ئات، تورۇق چىپار ئارغىماق ئاتلارغا مىنگەن ئېسىلزادە خېنىملار، ئاجايىپ پوزۇر ئېگەر - جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن كۆك بوز ئارغىماق ئات، نەسىللىك كالا، قوي ھەيكەللىرى، بېشىغا ئېگىز ئۇچلۇق قالپاق، ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن تون، پۇتىغا پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن يوغان ئورا كۆز، قاڭشارلىق بىر تۆگىچىنىڭ تاق ئۆركەشلىك تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ھەيكىلى قاتارلىقلار بار (بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيى كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر قانچە تارىخىي يازمىلاردا، ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشىغان ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا، مىلاددىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن سۇلالە - خاندانلىقلارنىڭ ھەربىي تېخنىكا تەرەققىياتىغا، «خۇاشيا» مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە خەن - تاڭ سۇلالىلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان «ئات - تاۋار سودىسى» قاتارلىقلاردا ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

خەن دەۋرىدە يېزىلغان «تۇز ۋە تۆمۈر ھەققىدە بايان» دا: «ئېشەك، خېچىر بىلەن تۆگە، بېيدىي (شىمالىي تۈركلەر) نىڭ دائىم ئىشلىتىدىغان مال - چارۋىلىرى ئىدى» دېيىلگەن①.

«پەنجىر تاغ» جىلغىسى شەرقىي قىرغاق 4 - نۇقتىدىن تېپىلغان رەسىملەر ئىچىدىكى ئابىدەمى 2.70×1.60 مېتىر كېلىدىغان بىر كۆرۈنۈشتە خېچىرغا مىنگەن بىر قانچە ئادەم ۋە باشقا ھايۋانلار ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن (10 - رەسىم).

① گەي شەنلىڭ: «چۇغاي تاغ قىيا تاش رەسىملىرى» نىڭ 357- بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.



10-رەسىم

تەڭرىتاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە «خېچىر مىنگەن» ئوبرازىنىڭ تېپىلىشى تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ، بۇ رەسىممۇ مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

ئومۇمەن تەتقىقاتچىلار ھەر قايسى جايلاردىن تېپىلغان ھايۋانات سۆڭەكلىرى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىدە ئويۇلغان ھەر خىل ھايۋانات رەسىملىرىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن قولغا ئۆگىتىلگەن، كۆندۈرۈلۈپ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن دەۋر - باسقۇچلىرىنى تۆۋەندىكىچە ھېسابلايدۇ:

«ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ كۆندۈرۈلۈش دائىرىسى داۋاملىق كېڭىيىپ بارغان. بۆرە ئۇزۇنغىچە قولغا كۆندۈرۈش نەتىجىسىدە، تەخمىنەن ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە، ئالدى بىلەن ئىتقا ئۆزگەرگەن؛ ئۆچكە ۋە قوي قاتارلىقلار تەخمىنەن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، كالا ئېھتىمال يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئۆي ھايۋانلىرى قىلىپ كۆندۈرۈلگەن؛ ئات ۋە تۆگە قاتارلىقلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى قىلىپ كۆندۈرۈلگەنلىكى پەقەت 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. مۈشۈكنىڭ قولدا بېقىلىشى 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە». ①

تۆۋەندە «پەنجىرتاغ» رەسىملىرى ئىچىدە ئۇچرايدىغان ھەر خىل تامغا، بەلگە - نىشان، شەكىللەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن (11 - رەسىم). بۇ خىل تامغا،



11-رەسىم

بەلگە، شەكىللەر ئادەتتە قىياتاشلارغا ئويۇلغان توپ - توپ رەسىملەر ئىچىدە ئۇچرايدۇ. بەزى تاشلارغا ھەر خىل بەلگىلەردىن بىر - ئىككىسى، بەزىلىرىگە بىر نەچچىسى ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆلچەم، ئۇسلۇبلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

غەربىي قىرغاقتىكى «تاش خەرىتە» ئىچىدە ئالقاننىڭ ھەر خىل چوڭلۇقتىكى رەسىمىدىن بىر قانچىسى بار. بۇ، ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمكى شەكىل بولۇپ، ئۇ يەنە ئالتۇن تاغ، چۆلتاغ، قورۇم (كۇئېنلۇن) ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان رەسىملەر ئىچىدە، يۇننەن، ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تاغ رەسىملىرىدە، جۈملىدىن فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت تاش ئۆڭكۈرلەرگە سىزىلغان رەسىملەر ئىچىدە ۋە ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئالقان رەسىملىرىنىڭ قانداق مەنە بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىلىق ھەر خىل پەرەزلەر بار. بەزىلەر ئۇنى: «بىر خىل ئىشارەت تىلى» دېسە، بەزىلەر ئۇنى: «قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى قولغا

① گەي شەنلىڭ: «چۇغاي تاغ قىياتاش رەسىملىرى» نىڭ 357 - بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

www.uygurkitap.com

كەلتۈرگەندە، شۇنى خاتىرىلىگەنلىكىنىڭ سىمۋولى» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر «جەڭ ۋە ئۇرۇشلاردىن كېيىنكى غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ بەلگىسى...» ۋەھاكازا دەيدۇ.

ئومۇمەن تەبىرلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ئۇلاردا مەلۇم ئاساسىنىڭ بارلىقىدا گۇمان يوق. مەسىلەن، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە كىشىلەر ئارا پۈتۈشۈش، توختام، كېلىشىم، سودا - سېتىقلاردىكى ھەر خىل ۋەدىلىرىنى ئالقاننى ئالقانغا ئۇرۇپ قول سىقىشىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. تامغا، مۆھۈر بولىدىغان شارائىت ئاستىدا تىلخەت، ھۆججەت قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ بارمىقىنى سۈرۈققا تەگكۈزۈپ بېسىش ئارقىلىق پۈتتۈرىدۇ. قارىغاندا، ئالقان (بارماق) ئىزلىرى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەدىلىرىنىڭ سىمۋولىنى، كىشىلەر ئۆزئارا بېجىرگەن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ نىشانىنى بىلدۈرىدىغانلىقىدا گۇمان بولمىسا كېرەك.

ئومۇمەن ئالقان رەسىملىرى ئوخشىمىغان دەۋر، دۆلەت، قەۋم - قەبىلە ۋە مىللەتلەردە ئوخشىمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى تەبىئىي، لېكىن ئۇلاردا بىر خىل چوڭقۇر ئېتىقادىي ئىپادىلىنىش بار. بۇ جەھەتتىن ئۇلار ئورتاقلىققا ئىگە.

## «توغراق بۇلاق» رەسىملىرى

توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىلانلىق يېزىسىغا قاراشلىق كۆمۈر كانىنىڭ شىمالىي بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا دائىم بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بۇلاق بېشى بار. يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى «توغراق بولاق» دەپ ئاتايدۇ. بۇلاقنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىدىكى بىر نەچچە كۆمۈر كانلىرىدىكى كىشىلەر مۇشۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىدۇ. ھازىر بۇلاق بېشىدا توغراقتىن باشقا سۆگەت (تال)، جىگدە، يۇلغۇن قاتارلىقلار، بۇلاق ئېقىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە خېلى كەڭ دائىرىدە يۇلغۇنلۇق ۋە توغراقلىق بار. «توغراق بۇلاق» ئەتراپىدىكى ئېگىز - پەس تەكشىلىكلەردە ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن: چاكاندا، كۆك - ئاق يانتاق، ئازغان، ئۆچكە بېشى، يۇلغۇن، توغراق، سۆكسۆك، قومۇش، قوڭغۇراق، تىكەن قاتارلىقلار؛ توشقان، تۈلكە، جەرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار، كەكلىك، ئاق - قارا قۇچقاچ، قارچىغا، قىلىيورغا قاتارلىق ئۇچار قاناتلار بار.

بىز بۇ ئەتراپنى تەكشۈرۈۋاتقان چېغىمىزدا نەچچە يۈزلىگەن قوي بۇلاق ئەتراپىدىكى توغراقلىقتا ئوتلاپ يۈرگەنىكەن. قويچىلاردىن سورىساق، ئۇلار بۇ قويلارنى ئالتاي تەرەپتىن ھەيدەپ كېتىپ، توقسۇن ناھىيىسىگە ئاپىرىدىكەن. قويچىلارنىڭ دېيىشىچە، «توغراق بۇلاق» قەدىمدىن تارتىپ بىر مەنزىل بولۇپ، بۇلاقنىڭ غەربىي شىمالىنى بويلاپ كەتكەن ئات - ئۇلاغ يولى بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلار (ئۈرۈمچى، گۈچۈڭ، ئالتاي قاتارلىقلار)غا بارغىلى بولىدىكەن.

بۇلاق بېشىنىڭ شىمالىدىكى جىرانى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان قاتمۇ - قات قاقاس تاشلىق تاغلار ۋە تاغ باغرىدىكى چەكسىز كەتكەن چۆل، سايلىق كۆرۈنىدۇ. بىز مانا مۇشۇ ئەتراپتىكى تاغۇ - تاشلاردىن جەمئىي ئۈچ ئورۇن (نۇقتا) دا 16 يۈرۈش قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدۇق. رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاغ چوققىلىرىدىن غۇلاپ چۈشكەن قورام تاشلارغا، بەزىلىرى تاغ باغرىدىكى تەبىئىي قىيا تاش بېتىگە چېكىپ ئويۇلغان.

«توغراق بۇلاق» رەسىملىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى، كۆلىمى، سانى، تېمىسى، مەزمۇنى قاتارلىقلار خىلمۇ-خىللىقتا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن رەسىملەرنىڭ ئويۇلۇش ئۇسۇلى، ئۇسلۇبى، مەزمۇنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى «پەنجىر تاغ» رەسىملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

«توغراق بۇلاق» رەسىملىرى ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى: ھەر خىل ياۋايى ھايۋانات رەسىملىرى (گۆشخور ھايۋاناتلار ناھايىتى ئاز ساندا، چۆپخور ھايۋانات رەسىملىرى كۆپ ساندا) — تاغ تېكىسى، تۆگە، بۆكەن، غۇلجا-ئارقار، ئىت، بۆرە قاتارلىقلار ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەم رەسىملىرى — ئوقيا بىلەن ئوۋ ئوۋلاۋاتقان ئوۋچىلار، پىيادە ۋە تۆگە مىنگەن، تۆگە يېتىلىگەن ئادەم رەسىملىرى ۋە ھەر خىل مال - چارۋا پادىلىرى رەسىملىرى خېلى كۆپ سانني تەشكىل قىلىدۇ.

تۆۋەندە توغراق بۇلاقتىن تېپىلغان رەسىملەردىن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە قىسمىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

I-نۇقتا: بۇلاق بېشىدىن يۇقىرى ئۆرلەپ، شىمالىي تەرەپكە تەخمىنەن 400 مېترچە ماڭغاندا قاقاس تاشلىق تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان. بۇ نۇقتىدا جەمئىي ئۈچ پارچە (يۈرۈش) رەسىملەر بار. بۇ ئۈچ پارچە رەسىم ئىچىدە 1 - پارچە رەسىم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. رەسىم ئويۇلغان بۇ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتر، ئۇزۇنلۇقى 176 سانتىمېتر بولۇپ، خېلى يىراقتىن چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تاشنىڭ يۈزى شەرقىي جەنۇبقا قارايدۇ. بۇ بىر پارچە رەسىم يۈزىگە ھايۋانات ئوبرازىدىن تاغ تېكىسى، ئارقار، بۆكەن، تۆگە، ئىت قاتارلىقلار، ئوقيا ئېتىۋاتقان ئوۋچى، تۆگە مىنگەن ئادەم، تۆگە يېتەكلىگەن ئادەم بولۇپ جەمئىي 25 دىن كۆپرەك رەسىم ئويۇلغان. بۇنىڭدىكى بىر ئالاھىدىلىك ئادەم رەسىملىرىنىڭ ھەممىسىدە (پىيادە، تۆگە مىنگەن، تۆگە يېتىلىگەن، ئوقيا ئېتىۋاتقان رەسىم) دېگۈدەك ئۇلار پۇتىغا ئۇزۇن قونجىلىق، پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن. ئوڭ تەرەپ ياندىكى ئىككى نەپەر پىيادە ئادەم بېلىگە بىر خىل قورال (تىغ) ئاسقان. ئۈستۈنكى رەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئويۇلغان تۆگىگە مىنىۋالغان ۋە تۆگە يېتىلىگەن ئادەمنىڭ بېشىدا بىر خىل يوغان سالۋا تۇماق ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەنجىر تاغ جىلغىسىدىكى شەرقىي قىرغاق I- نۇقتىدىكى بىر پارچە ئوۋچىلىق رەسىمىدە تەسۋىرلەنگەن، بېشىغا قالپاق، پۇتىغا پاشنىسى بار قونچىلىق ئۆتۈك كىيگەن ئوۋچى ئوبرازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئومۇمەن بۇ بىر پارچە رەسىمدە ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشى خېلى ئەينەن ئىپادىلەنگەن (12 - رەسىم).



II- نۇقتا: بۇلاقنىڭ شەرقىي شىمالىي تەخمىنەن 100 نەچچە مېتىر يىراقتا بولۇپ، رەسىملەر تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن يوغان بىر پارچە تاشقا ئويۇلغان. بۇ نۇقتىدا جەمئىي ئۈچ يۈرۈش (پارچە) رەسىم تېپىلدى. 1- پارچە رەسىمنىڭ يۈزى جەنۇبقا مايىل بولۇپ ئابيومى 187 × 55 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش كۆرۈنۈشتە ئاساسەن تاغ تېكىسى ۋە غۇلجا - ئارقار قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل قىياپەتتىكى ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە سول تەرەپتىكى بىر گۇرۇپپا رەسىمدە (تاغ تېكىسى ۋە ئارقار قاتارلىق سەككىز رەسىم) ئوغلاقنى ئەمتۈۋاتقان تاغ ئۆچكىسىنىڭ ئوبرازى بىر خىل ساددا ۋە قوپاللىراق ئۇسلۇبتا ئويۇلغان.

قالغان 2 - ۋە 3 - كۆرۈنۈشلەردە تاغ تېكىسى ۋە ئارقار قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل قىياپەتلىرى بىلەن پىيادە ئوۋچىنىڭ ئوقيا بىلەن تاغ تېكىسىنى ئوۋلاۋاتقان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئويۇلۇش ئۇسلۇبىغا قاراپ ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنىڭ نىسبەتەن قەدىمكى دەۋرلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ (13 - رەسىم)


13-رەسىم

III- نۇقتا: بۇلاقنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەخمىنەن 900 مېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، يار-دىن غۇلاپ چۈشكەن بىر پارچە تاشقا ھەر خىل قىياپەتتىكى چوڭ - كىچىكلىك ئالتە تاغ تېكىسىنىڭ ئوبرازى بىلەن بىر ئوۋچى-نىڭ ئوقيا بىلەن بىر تاغ تېكىسىنى ئېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن (14 - رەسىم).


14-رەسىم

IV- نۇقتا: بۇلاقنىڭ غەربىي شىمالىي تەخمىنەن 600 مېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. بۇ يەردە سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان، ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر كىچىك تاشلىق تاغ بار. دەل مۇشۇ تاغنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قىيا تاش ۋە تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن قورام تاشلارغا ھەر خىل قىياپەتتىكى بىر مۇنچە ياۋايى ھايۋانات رەسىملىرى ئويۇلغان بولۇپ جەمئىي توققۇز كۆرۈنۈش تېپىلدى. بۇلارغا ئويۇپ چېكىلگەن ھايۋانات رەسىملىرىنىڭ سانى 60 تىن ئاشىدۇ. رەسىملەرنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ سانىنى تاغ تېكىسى، غۇلجا - ئارقار، ياۋا ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى، ئۇنىڭدىن قالسا، تۆگە، ئىت ۋە باشقا ھايۋانلار ئىگەللەيدۇ (15- رەسىم).



15-رەسىم

ئومۇمەن «توغراق بۇلاق» رەسىملىرىنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتى، ئادەتتە ئانچە ئىنچىكە ئەمەس، رەسىملەردە ھەر قانداق بىر ئوبرازنىڭ باش، پۇت، قول قاتارلىق ئەزالىرىنى بىر خىل ئاددىي، قوپاللاق ئۇسۇلدا ئىپادىلەش بىلەن چەكلەنگەن. ھايۋانات رەسىملىرىدە ئۇلارنىڭ تۇرقى، قىياپىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتى ئىپادىلەنگەن. نەرسە - كېرەك ۋە قورال - سايمان قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى تېخىمۇ ئاددىي ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئوقيا قاتارلىق قوراللارنى ئويۇلغان رەسىمگە قاراپ پەرق ئېتىشكە بولسىمۇ، بەزى نەرسىلەرنىڭ شەكلىگە قاراپ ئۇنىڭ نامىنى توغرا دەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

رەسىملەردە مەيلى ئادەم، ھايۋان ياكى نەرسىلەرنىڭ نىسبىتى ئادەتتە ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ مەلۇم ئەزاسىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە بەدەن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان.

مەسىلەن، I - نۇقتا 1 - كۆرۈنۈشتىكى تۆگە مىنىۋالغان ئادەمنىڭ پۇتى تۆگىنىڭ قورسىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگىچە ساڭگىلاپ قالغان؛ ئارقارغا ئوق ئېتىۋاتقان ئوقيالىق ئوۋچىنىڭ ئوقى ناھايىتى ئۇزۇن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن؛ IV - نۇقتىدىكى توتېم ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئارقارنىڭ رەسىمىدە ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزى ئۆز تېنىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن؛

يۇقىرىدىكىلاردىن باشقا، «پەنجىر تاغ» ۋە «توغراق بۇلاق» قىيا تاش رەسىملىرى يەنە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي، شىمالىي ۋە غەربىي ئېتەكلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قۇرۇم تاغلىرى، ئالتۇن تاغ ۋە قۇرۇق تاغ (چۆلتاغ) قاتارلىق تاغ تىزمىلىرىنىڭ تارماق - تارماقلىرىدىكى تاغۇ - تاشلارغا ئويۇلغان مىڭلىغان قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ يۇرتىمىزنىڭ ئاجايىپ مول، رەڭگارەڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر تارماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ خىل رەسىملەر يەنە سىبىرىيە دالاسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، ئەزەربەيجان، قىرغىزىستان، ئوردوس دالاسى، چوغاي تاغلىرى قاتارلىق بىر مۇنچە جايلاردىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى، قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ (برونزا) دىن ياسالغان ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قورال - جابدۇقلار، زىننەت بۇيۇملىرىغا چېكىلگەن خىلمۇ خىل گۈل - نەقىش، ئورنەك - نۇسخىلارغىمۇ ئۇسلۇبى، مەزمۇنى ۋە باشقا سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرى قىيا تاش رەسىملىرىدە يەنە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرنىڭمۇ ئورتاقلىقىنى كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن، قىيا

www.uyghurkitap.com

تاش رەسىملىرى: 1) ئاساسەن ئىنسانلار قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن ھەر قايسى تاغ - دالىلارنىڭ قىشلاق ۋە كۈزلەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. 2) رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلىرى تاغۇ - تاشلاردىكى تەبىئىي «تاش تام»، يۈزى بىر قەدەر سىلىق ۋە تەكشى قىيا تاشلارغا ۋە تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن چوڭ - كىچىك قورام تاشلارغا ئويۇلىدۇ (بەزى يەرلەردە تەبىئىي غارلارغا بوياق بىلەن سىزىلغان رەسىملەر ئۇچرايدۇ). 3) يۈزى (يۆنىلىشى) شەرققە قارىغان ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ (تەبىئىي جايلىشىش سەۋەبىدىن بەزىلىرىنىڭ يۈزى غەربكە، جەنۇبقا ۋە شەرقىي، شىمالىي تەرەپلەرگە قارىغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ). 4) قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتى يەككە - يېگانە بولماستىن، بەلكى رەسىملەر جايلاشقان جاينىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە، ئون نەچچە، ھەتتا يۈز نەچچە كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى تۇرالغۇ كەنتلەرنىڭ خارابە ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرە ۋە باشقا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىللە ئۇچرايدۇ. 5) قەدىمكى قىيا تاش سەنئىتىنىڭ باشقا رايونلاردىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلەر بىلەن خېلى زىچ، يېقىن (ۋاستىلىق ياكى بىۋاسىتە) مۇناسىۋىتى بولىدۇ ۋە باشقىلار.

## قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ دەۋرى، مەدەنىيەت ئىگىلىرى ۋە تارىخىي باغلىنىشلىرى ھەققىدىكى قاراشلار

قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرىنى تەبىئىي پەن ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېنىقلايدىغان يېڭىچە ئۇسۇل تېخى مەيدانغا كەلمىدى. شۇڭا ھازىرغىچە يەنىلا ئارخېئولوگىيە ۋە سېلىشتۇرما شۇناسلىقنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يىل دەۋرىنى بېكىتىش قوللىنىلماقتا.

قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇزۇندا سوزۇلغان تاغ - جىلغىلاردىكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئوچۇقچىلىقتا تۇرغان ھەر خىل تاشلاردا بولۇپ ئادەتتە ئۇنىڭ دەۋرىنى بېكىتىشكە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلار ئۇلار بىلەن بىر يەردە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا، مەلۇم جايدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە مۈشكۈل خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

«پەنجىر تاغ» ۋە «توغراق بۇلاق»تىن تېپىلغان قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتى — قەدىمدىن تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن ئەجدادلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە ياراتقان سەنئەت بايلىقى، ئۇلار ياراتقان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم نامايەندىسى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان رەڭگارەڭ قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەكرار ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن «پەنجىر تاغ» ۋە «توغراق بۇلاق» رەسىملىرىنىڭ دەۋرى — قەدىمكى زامان ئوۋچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى يەنى بۈگۈندىن 4000 — 6000 يىللار بۇرۇنقى مەزگىللەردىن تارتىپ ھون ئىمپېرىيىسى دەۋرى — مىلادىدىن بۇرۇنقى 7- ئەسىردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىرلەر ۋە قەدىمكى تۈرك خاقانلىقى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

ئىلىم- پەن ھازىرغىچە تېخى ئوتتۇرا ئاسىيا (جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسى) دا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان

خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى، مىللەت تەركىبى، ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇكەممەل، ئەتراپلىق شەرھلەشكە تولۇق ئاساس ياردىتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭلاشقىمۇ «... ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئورال ئەتراپى، سىبىرىيە، شىنجاڭ، قارا دېڭىز ساھىلى، شۇنداقلا مېسوپاتومىيە، ئىران ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرىدا ياشىغان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ھەم تارىخىي ئالاقىلەر مەۋجۇت بولغان» ①.

«دەشت - قۇملۇقلاردىكى يايلاقلار ۋە بوستانلىقلاردىكى ئوتلاقلىقلاردا مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىللىقلاردا ئوخشاشمىغان ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرىغا مۇناسىپ ھالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە بوستانلىق بىلەن دەريا ئېقىنلىرى ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقان دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىگىلىك شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا كۆچمەنچىلىك بىلەن ماكانلىشىش ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىي باغلىنىش بولغان.

... بىرمۇنچە تارىخچىلار: شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىككىنچى مىڭ يىللىقلار بىلەن بىرىنچى مىڭ يىللىقلار گىرەلىشىۋاتقاندا شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ.

بىز بىلىدىغان ئەڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پايانسىز يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچى ساقلاردۇر.

... شەرقىي ئىران ئاھالىلىرى باشقا جايلاردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن ئاللىقانداق كىشىلەر بولماستىن، بەلكى ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرىدىن باشلاپلا مۇشۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئىرقلارنىڭ تەركىبلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ئۆز جايىدا بارلىققا كەلگەن كىشىلەردۇر. شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭگەن.» ②

«... تارىخشۇناسلىقتا كۆچمەن خەلق جەمئىيىتىنىڭ ئايرىم مەسىلىلىرى ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەتقىق قىلىنىپ كەلدى. ھالبۇكى، ھازىر كۆچمەن خەلقلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تۆۋەن مۆلچەرلەيدىغان بۇ خىل كۆز قاراشلارنىڭ ھېچقانداق پاكىت ئاساسى يوق خاتا كۆز قاراش ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا. تارىختا بۇ خىل كۆز قاراشلارنىڭ شەكىللىنىشىدە بىرقانچە سەۋەبلەر بار.

بۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى، كۆچمەن خەلقلەر تارىخى يەنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەپسىلىي بىلمەسلىك؛ ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى، مەدەنىيەت مەسىلىلىرىنىڭ تولۇق تەتقىق قىلىنمىغانلىقىدىن ئىبارەت...

بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىككىنچىسى، قەدىمكى كۆچمەن خەلقلەر جەمئىيىتىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى، فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزمنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە ياۋرو ئاسىيادا ياشىغان بىر قىسىم كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ يېقىنقى ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت...

بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئۈچىنچىسى ... كۆچمەن

①، ② ب. گ. غاپۇروۋ «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988- يىل نەشرى 15-، 16-، 38-، 39-، 45-، 50- بەتلەر (غاپۇروۋ — سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى).

خەلقلەر تارىخىنىڭ قانداقتۇر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەردىكى ئادەتلەنگەن قاراشلارغا ماس كەلمەسلىكى، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ يوقلۇقىنى، مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىنىڭ قالاقلىقىنى كۆرسىتىدۇ...

... ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئەنئەنىلىرى، ئادەتلىرى، تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى .... قالاق، پەس، ياۋايى بولغانلىقتىن تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىلىپ كەلدى. ئەنە شۇنداق بىر خىل ئورتاق قاراتمىلىققا ئىگە بولغان بۇ خىل قاراش تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە دۇنيا تارىخ ئىلمىدە ئورۇن ئېلىپ كەلدى. تارىخىي پاكىتلار بولۇپمۇ كۆچمەن خەلقلەر تارىخىغا، مەدەنىيىتىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارنىڭ كەملىكىدىن بۇ خىل قاراشلار گويا قانۇنلۇق ۋە مۇتلەق بىر نەرسە بولۇپ كەلدى.

... بەزى غەرب ئەللىرىنىڭ تارىخچى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنىلا شۇ كونا، ئىلمىيلىققا ئىگە بولمىغان خاھىشلار تەكرارلانماقتا. ئۇلار ئەسەرلىرىدە قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كۆچمەن خەلقلەرنى گويا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يارىتىشقا قابىل بولمىغان ۋارۋار - ياۋايىلار دېسە، كۆچمەن خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن تېپىلغان يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت - سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى گويا مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان باشقا ئەللەردىن كىرگەن دەپ قارىماقتا.»①

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى جاپالىق ئىزدىنىشىدىن قولغا كەلتۈرگەن سانسىزلىغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار جۈملىدىن سوۋېت ئارخېئولوگلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىدىكى جۇمھۇرىيەتلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ تامامەن خاتا ۋە ئىلمىلىككە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

«. . . سىياقلارنىڭ ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننىڭ كەڭ زېمىنلىرىدا قانداق ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدا ئارخېئولوگىيە پەنىدە ھازىر ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. شۇ قاراشلارنىڭ بىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، شاش (تاشكەنت رايونى)، شىمالىي قىرغىزىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستان تېررىتورىيىسىدە تىگراخائۇت ساقلىرى (ئۇچى ئۇچلۇق قالپاق كىيىدىغان ساقلار - ت)نىڭ ياشىغانلىقى مەلۇم. گەرچە بىز بۇ خىل پەرەزنى قوللىساقمۇ، لېكىن تىگراخائۇت ساقلىرىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئېنىقلىق تېررىتورىيىسى ئىچىگە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن رايونلاردىن باشقا يەنە غەربتە — ئارال دېڭىزىنىڭ جەنۇبى، شەرقتە — تاغلىق ئالتاي رايونىمۇ كىرىدۇ، دەپ ھېسابلايمىز.

بۇ كەڭ تېررىتورىيە دائىرىسىدە نۇرغۇن قەدىمكى قەبرىلەر ساقلانغان. بولۇپمۇ ھازىرقى يەتتە سۇ رايونى بىلەن (قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي بىلەن قىرغىزىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تاغلىق ئالتاي رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررىتورىيە بۇ جەھەتتە ئالاھىدە بولۇپ

① قاراڭ: «ئېسىك قەبرىسى» — قازاقىستان ساقلىرىنىڭ سەنئىتى. ك. ئا. ئاكىشېۋ. موسكۋا سەنئەت نەشرىياتى 1978 - يىل، رۇسچە.

ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ تاش ۋە توپا دۆۋىلىرىدىن شەكىللەنگەن ھەيۋەتلىك قەبرىلىرىنىڭ سانى ۋە كۆلىمى جەھەتتە تەڭدىشى يوق دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنى پەقەت ئىسسىكقىلار دەۋرىدىكى قارا دېڭىز بويىنىڭ شىمالىي رايونى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. *

سوۋېت ئارخېئولوگلىرى ئورغۇن قېتىم ئۇلۇغلۇق قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بازىرىق (تاغلىق ئالتاي رايونى)، چىلىكتە (شەرقىي قازاقىستان)، بەش چاتىر (قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبى) قەبرىلىرىدىن تېپىلغان مېتال، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملىرى بەدىئىيلىككە ئىگە تەسۋىرىي سەنئەت بۇيۇملىرى، يۇڭ توقۇلمىلار ۋە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ياغاچ بىناكارلىق يادىكارلىقلىرى ئىلىم - پەن ساھەسىنى بېيىتتى. بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان ئاجايىپ بۇيۇملار ساق قەبىلىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان، ئۆزىگە خاس يۈكسەك مەدەنىيىتىنى تۇنجى قېتىم ئالەمگە نامايەن قىلدى. قەبرە ئۈستى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، دەپنە يوسۇنلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، شۇنداقلا تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ مولىقى شۇ دەۋردىكى ساق پادىشاھلىرىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىدىن، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.» ①

يەتتە سۇ رايونى بىلەن تاغلىق ئالتاي رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جۇڭ-لىمىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ساقلار مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلار ۋە «خەننامە» قاتارلىق يىلنامىلاردىكى بايانلار بويىچە تەھلىل قىلغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى مىڭ يىللىقلار (بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى) دىلا ئىلى دەرياسى ۋادىسى، كۈنەس - يۇلتۇز يايلاقلىرىدىن تاكى ئالغۇي (ئارغۇغول) جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزىغىچە بولغان بۇ ئېسىل يايلاق رايونىمىز ساقلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزىي رايونلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. ساقلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇھىم ئېتنىك تەركىب بولۇپ، ئۇلار تارىختىن بۇيان تەڭرىتاغلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى بىلەن بارا - بارا ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ساقلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك ئورنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىمۇ ئۇلارنىڭ ئالتاي تىلى سىستېمىسىدا سۆزلەشكەنلىكى، تولۇق تۈركىي تۈس ئالغان بۇ خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھونلارغا ئوخشاش بولۇپ، كۈندۈزى كۈنگە، كېچىسى ئايغا چوقۇنىدىغانلىقى ۋە باشقىلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ھازىرمۇ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بىر مۇنچە جايلار «ساق» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قەشقەردىكى توققۇزاق (كونا شەھەر ناھىيىسى) ئەسلى «توققۇز ساق» دېگەن سۆزدىن، ئوغۇساق يېزىسى «ئوغۇزساق» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئاقتۇ ناھىيىسىدە «قۇنساق» (كۈنساق؟)،

* تاش ۋە توپا دۆۋىلىرىدىن شەكىللەنگەن ھەيۋەتلىك قەبرىلەر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى تېكەس، كۈنەس، شوتا (موڭغۇلكۈرە)، سارىبۇلاق - سايرام بويى (قورغاس تەۋەسىدە)، سۇپۇنبۇلاق (چاپچال تەۋەسى)، ئۈرۈمچى ئۇلانباي ئەتراپى، سەيۋۇفۇ، ئالغۇي (ئارغۇغول — توقسۇن ناھىيىسىدە)، تۇرپان ئايدىڭكۆل قاتارلىق بىرمۇنچە جايلار ناھايىتى كۆپلەپ تېپىلدى. شۇڭا، كۈنەس، تېكەس قەبرىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار يەتتە سۇ رايونىدىن تېپىلغانلىرى بىلەن ناھايىتى ئوخشايدۇ. (ئا)

① قاراڭ: «ئېسىك قەبرىسى» — قازاقىستان ساقلىرىنىڭ سەنئىتى، ك. ئا. ئاكىشېۋ، موسكۋا سەنئەت نەشرىياتى، 1978 - يىل. كىرىش قىسمى.

ئاتۇش ناھىيىسىدە ئېكساق (ئىككى ساق)، «بەيساق» (باي ساق ياكى بەگساق بولۇشى مۇمكىن - ئا)، كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە «ساقساق دۆڭلۈكى»، ئاقسۇ ئايكۆلدە ۋە ئۇچتۇرپاندا «ساقساق» دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەر بار. تارىختا يەنە قايسى يۇرتلارنىڭ يەنە قانداق «ساق»لار نامىدا ئاتالغانلىرى بىزگە ھازىرچە مەلۇم ئەمەس، شۇنداقتىمۇ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن نامىلارنى ئارخېئولو- گىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، ئەھمىيەتلىك ئىلمىي خۇلا- سىلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بايانلار ۋە «پەن- جىرتاغ»، «توغراق بۇلاق» رەسىملىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ خۇلاسە قىلساق: «پەنجىرتاغ»، «توغراق بۇلاق» قىياتاش رەسىملىرىنىمۇ ساق، ھون، تۈرك - قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلى- رىدىن چىققان سەنئەتكارلار ئىجاد قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

ماقالە بىلەن بىللە تونۇشتۇرۇلغان بىر قىسىم رەسىملەرنى رەتلەپ قايتا ئىشلەپ چىقىش- تا يولسۇپ مۇھەممەت، بۇ قېتىمقى ئارخېئولو- گىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە مۇھەممەت ھاجى، سەئىدۇللا تاھىرى قاتارلىق يولداشلار يېقىندىن ياردەمدە بولدى، شۇڭا ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

1988- يىل 10- ئاي، 1989- يىل 6- ئاي، ئۈرۈمچى



ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە سەمەرىلىك ئىلمىي، ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇۋاتقان ئارخېئولوگ ئابدۇقەييۇم خوجا 1941 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1949- يىلدىن 1956 - يىلغىچە غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1956- يىلى «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى»دا ئوقۇغان، 1957 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدە ئىشلىگەن. ئۇ 1976- يىلدىن 1980- يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تۈركىي تىللار سىنىپىدا ئوقۇپ، ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن 1980 - يىلىدىن تارتىپ ش ئۇ ئا ر مۇزېي تەتقىقات بۆلۈمىدە قەدىمكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ۋە ئۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيە- سى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىر مەزكۇر تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى. 1986 - يىلى «كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى» كەسپىي ئۇنۋانى بېرىلگەن.

ئابدۇقەييۇم خوجا كەسپداشلىرى ۋە ئىشداشلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىش، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئارخېئولوگىيە ۋە قەدىمكى تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى تەتقىقاتىدا بىر قاتار مۇھىم ئىلمىي ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، تەتقىقات ۋە ئىلمىي قىممىتى زور ئەسەرلەردىن: 1983- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 1985 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىززارى داستانلىرى»، 1987 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «مايتىرى سىمىت» دىققەتكە سازاۋەردۇر. بولۇپمۇ ئىراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرىلەر بىرلىكتە بەش يىل جاپالىق ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ چىققان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن «مايتىرى سىمىت»— تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش بىلەن بىللە ھەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلمىي خادىملارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

تەلەپچان ئارخېئولوگ، ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچى ئابدۇقەييۇم خوجا ئەپەندى «جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى»، «جۇڭگو مۇزېيشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»، «جۇڭگو تۈركولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى»، «جۇڭگو قەدىمكى يېزىقلارنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتى»، «ش ئۇ ئا ر قۇتاتغۇبىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى» قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.

— مۇھەررىردىن

# كۆزپەرخان





(چۆچەك)

رىۋايەتكار بۇ دۇردانە رىۋايەتنى ئەل كۆڭلىگە مۇنداق پاساھەت ىلە بايان ئەتتى:

يادا ئېلىدە بىر شاھ بار ئەردى، ئۇنىڭ قۇتلۇق نامى ئەدەلى ئابدۇلھەبەت شاھ ئەردى. شاھ ئابدۇلھەبەتنىڭ ئاكا بىر دانىشمەنلەرى ئارىسىدا رامزىيان ئاتلىق بىر دانىشمەن ۋەزىرى بار ئەردى. كۈنلەردىن بىر كۈن بۇ ئىككىسىنىڭ خاتۇنلىرى ھامىلدار بولدى ۋە پاقلانىدىك ئىككى ئوغۇل تەۋەللۇت قىلدى. **شاھ** ئۆز ئوغلىغا «كاردان» (1)، ۋەزىر بولسا بەسارەت دەپ ئات قويدى. شاھ ۋە ۋەزىر نىھايەت قۇۋاندى. شاھ ئەمىر ئەتتىكى:

— بۇلار بىللە چوڭ بولسۇن، بىللە ئىلىم-ئېرپان ساماسىدا پەرۋاز ئەتسۇن!

مۇدەررىسلەرنى چاقىرتتى ۋە ئوغۇللارنى ئۇلارغا تاپشۇردى. كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار يىل مارجىنىنى ئاستى. باللار ئۆستى.

---

(1) كاردان — تەجرىبىلىك

ئۇلار مۇدەررىسلەردىن كۆپ بىلىملەرنى ئالدى. لېكىن، ئاقىۋەت شۇنداق ۋەقە يۈز بەردىكى، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بەسارەت ئىلىم بابىدا ئۇچقۇر، زامانىسىنىڭ دانىشمەنى، جانىۋارلار تىللىرىنىمۇ بىلەر بىر ھېكمەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. شاھزادە كاردان بولسا ئويۇنكەش قولىدىن ئىش كەلمەس بولۇمسىز يىگىت بولۇپ ئۆستى. شاھ ئۆز ئوغلىنى خەلەپ ① بىلىپ، كۆپ مېھنەت-ئەجرى قىلغان بولسىمۇ، كارداندىن ھېچبىر دانالىق نىشانى كۆرۈنمەس ئەردى.

ۋەزىر ئوغلى بەسارەت كۈندىن-كۈنگە شان-شۆھرەت تاپار ئەردى. بۇ ھال شاھ ئۈچۈن تولىمۇ ئەلەم بولدى، چۈنكى تەخت ۋارىسى ئەلنى ئىدارە ئەتمەككە قۇربىسىز ئەردى. شۇندىن سۈڭ شاھ ئويلا-ئويلا ئاخىرى ئاغرىپ قالدى. كېسەللىك مالالىكلىرى شاھنى قورشىۋالدى. دانىشمەن تېۋىپلارنى چاقىرتىشتى، لېكىن شاھ كېسەلىگە شىپا قول تېپىلمىدى. ئاخىرى شاھ ئۆزى پىنھان سىر بەرگەن بىر تېۋىپنى چاقىرتىپ، كۆرۈنگەن ئەردى، تېۋىپ ئەيتتىكى:

—شاھىمنىڭ داۋاسى دانىشمەن يىگىتنىڭ كۆزىدۇر، شاھىم شۇ كۆزنى يېسە سەللىمازا ساقىيۇر.

ئاكابىرلار، دانىشمەن-ئۆلىمالار مەسلىھەت-مەشۋەرەت قىلىشىپ: «شاھىمىزنىڭ دەردىگە زامانىمىزنىڭ دانىشمىنى بەسارەتنىڭ كۆز گۆھەرى ئەجەب خوپدۇر، بەس» دېيىشتى. شۇندىن سۈڭ بىر توپ ئەھلى خالىس نىيەتلەر رامزىيان ۋەزىرنىڭ ھوزۇرىغا كېلىشتى. دانىشمەن بەسارەت بۇلەرنىڭ كېلىش مۇددىئالىرىنى قەدەم تاۋۇشىدىن بىلدى ۋە ئۇ ئەھۋالنى ئاتىسىغا ئېيتىپ، كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالدى. زىياپەتتە دانىشمەن بەسارەت بىر پاقلاننى سويۇپ، گۆشىنى مېھمانلارغا سۇندى، ئاندىن ھەر بىرلەرىنىڭ ئالدىغا چىنە-تەخسىدە تىللا-ئالتۇن قويدى. شۇندىن سۈڭ بىر تەخسىگە پاقلاننىڭ ئىككى كۆزىنى قويۇپ ئېيتتىكى:

— ئى، خالىس نىيەت ياخشىلار، شاھىمغا مېنىڭ كۆزۈم داۋا بولۇپتۇر، سىلەر شاھىمغا مېنىڭ كۆزۈمنى ئاپارغاندىن كۆرە بۇ پاقلان كۆزىنى ئاپارساڭلارمۇ ئوخشاش بولۇر، شاھىم بۇ پاقلان كۆزىنى يەپ ساقىيۇر، مەن شۇندىن سۈڭ ئادىمىزاتقا كۆرۈنمەسمەن. سىزلەرنى تەڭلىكتە قويماسمەن، مېنى ئەپۇ ئېتەرسىزلەر.

كەلگەنلەرگە بۇ گەپ ماقۇل بولدى ۋە پاقلان كۆزىنى ئېلىپ بېرىپ شاھقا يېگۈزگەن ئەردى، بۇ كاراماتنى كۆرۈڭ، شاھقا دۇنيا يورۇقى ئىقبال ئەتتى. شاھ ساقايدى. شۇندىن سۈڭ بەسارەت يەر ئاستى چاھقا ② پىنھان بولدى.

ئەلقىسسە، ئەندى ھېكايەتنى كاردان شاھزادىدىن ئىشتمەك كېرەك:

شاھزادە كاردان بەسارەت بىلەن ئىجىل-ئىناق، قىيامەتلىك دوست ئەردى. بەسارەتنىڭ ئەھۋالىدىن شاھزادە كاردان بىخەبەر ئەردى. ئۇ بەسارەتنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. سورىمىغان ئادىمى قالمىدى. يۇرت-يۇرتقا خەبەر بەردى. بەسارەت سۇغا چۈشكەن تاشتەك ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. شاھزادە كاردان قىيامەتلىك دوستىنى ئويلاپ، نالە-پەرياد ئېيتىپ، سىنەسىنى زەي يەرگە يېقىپ يىغلار ئەردى. شاھ ئابدۇلھەبەت شاھزادىغا كۆپ تەكەللۇپ ئەتتى، دۇنيا-دېپى بىلەن ئالداپ كۆردى، قورقاتتى، كار قىلمىدى.

شاھزادە كاردان زەي يەردىن تۇرماي:

---

(1) خەلەپ-تەخت ۋارىسى ② چاھ — قۇدۇق، زىندان.

— ماڭا قىيامەتلىك دوستۇم بەسارەتنى تېپىپ بەر، شۇندا ئورنۇمدىن تۇرارمەن، — دەپ ئېيتتى.

شاھ بىئىلاج ئەلگە جاكار ئەتتى:

— كىمدە-كىم ئوغلۇم كاردانىنى ئورنىدىن تۇرغۇزسا، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن ھەدىيە. ئەلدىن ھېچكىم چىقمىدى. كۈنلەردىن كۈن بىر موماي كەلدى. ئۇ، شاھقا ھۆرمەت بىجا كەلتۈرۈپ:

— ئى، پاناگاھ، ئوغلۇڭنى مەن تۇرغۇزارمەن، — دەپ ئېيتتى. شاھ خۇش بولدى ۋە مومايغا دۇئا بەردى. موماي كاردانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— يىگىتلەرنىڭ سەردارى، بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى، ئورنۇڭدىن تۇر ئوغلۇم. ساڭا بىر ئامەت كېلۇر. ئات مىنىپ، سەيلە ئەت، جاھاننىڭ گۈزەللىكى سېنى ئىلكىگە ئالغاي، — دەپ مىڭ بىر ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى يۇمشاتتى. شاھزادە مومايغا ئېيتتىكى:

— ئاتامغا ئېيتىڭلار، دۇلدۇل توقۇلسۇن، يول كېزىپ، سەيلە ئېتۇرمەن.

دۇلدۇل ھازىرلاندى. شاھزادە دۇلدۇلغا قونۇپ، قۇشتەك ئۇچۇپ، شەھەر سىرتىغا چىقتى، دالا كەزدى، چۆل باستى. بىر تاغقا بېرىپ تىندى ۋە كۆڭلى-كۆكسى يايراپ، قېنى جۇشقۇنلاپ، ئەمدى قايتاي دەپ كەينىگە شۇنداق بىر باققان ئېردى، كۆردىكى، ئۆزى كەلگەن دالا-دەشت كۆپكۆك دېڭىز بولۇپ دولقۇنلاپ تۇرغانمىش. ئاق تۇمان ئارا بىر قېيىق ئۈزۈپ كېلەرمىش. قېيىق ئۈستىدە بىر نۇر جۇلا قىلارمىش، نۇر ئىچىدە بىر ساھىبجامال سىماسى بالقىپ تۇرارمىش. قىز شاھزادىگە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ گۈزەللىكى كۈننى خىرە قىلار، ئۆزى شاھزادىگە ئىما قىلار ئېردى.

قىز ئالدى بىلەن كۆزىنى، ئاندىن كېيىن ئاغزىنى كۆرسەتتى، ئاندىن قۇلىقىنى كۆرسىتىپ، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا ئېلىپ، ئاندىن ئىككى قولىنى ئالدىغا ئېلىپ تەزىم ئەتتى.

شاھزادە كاردان ئاڭا يېقىنلاشماق ئۈچۈن يۈگۈرگەن ئېردى، قىزمۇ، دېڭىزمۇ كۆزدىن غايىب بولۇپ، ئاۋۋالقى چۆل-دالا ئايان بولدى. شاھزادە ئاھ ئۇرۇپ يىقىلدى. ھوشىغا كېلىپ، دۇلدۇلنى مىنىپ ئاتاسى ئالدىغا كەتتى ۋە يەنە زىي يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ يېتىۋالدى. شاھ ئۇنىڭ ھالىنى سورىغانىدى، شاھزادە ئېيتتىكى:

— ئى، شاھ ئاتا، مەن دېڭىز كۆردۈم، دېڭىزدا بىر قىز كۆردۈم. شۇ قىزنى تاپمىغىچە ئارام ئالمايمەن.

شاھ بۇ قىز ھەققىدە سورىغان ئېردى، شاھزادە كۆرگەنلىرىنى تامام سۆزلەپ بەردى. شاھ ھەيران-ھەس بولدى، تېڭىرقىدى. ئوغلۇمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن ئەرۋاھمىدۇ، جىنمىدۇ دەپ نەزىر-چىراق بەردى، لېكىن شاھزادە يەنىلا ئورنىدىن تۇرمىدى. شاھنىڭ قىلمىغان ئامالى قالمىدى. ئاخىرى دانىشمەن ۋەزىر-ۋۇزرالاردىن مەسلىھەت سورىغانىدى، ئۇلار:

— بەلكىم بۇ قىزنى تاپقىلى بولۇر، بۇنى تاپماققا بەسارەتتەك دانىشمەن بولسا ئېردى، ئۇ ئىلىم-ھېكمىتى بىلەن قىزنىڭ ئىما-ئىشارىتىنى يېشىپ، شاھزادىگە ئارام-ئىقبال بەخش ئېتەر ئېردى، — دېيىشتى. شاھ ئۆز ئىشىغا ئۆكۈندى ۋە ئەلگە ئۈچ كۈنگىچە قارىلىق تۇتۇپ، ئاللاھتىن بەسارەتنىڭ كۆزىنى تىلەشنى جاكار ئەتتى. كىشىلەر ئۈچ كۈن ئاللاھقا سېغىنىپ-مۇناجات ئېيتىپ، بەسارەتنىڭ كۆزىنى تىلىدى. ئۇنى ئەلگە بەرگىن

دېدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەھلى جامائەت ئارىسىدا دانىشمەن بەسارەت پەيدا بولدى ۋە قىيامەتلىك دوستى شاھزادە كاردانىنىڭ قېشىغا بېرىپ، قۇچاقلاپ، دەردىنى بىلدى ۋە ئېيتتىكى:

— قىزنىڭ كۆزىنى ئۇتقىنى — مېنىڭ ئىسمىم كۆزپەرخان دېگىنى، قولىقىنى تۇتقىنى — مەن قۇل ئاباد دېگەن يەردە دېگىنى، ئىككى قولىنى ئالدى - ئارقىسىغا قىلغىنى، مېنى ئىزدىسەڭ ئالدى - ئارقاڭغا قارىماي ماڭ دېگىنى، دەپ بايان ئەتتى.

شاھ رازىلىق بەردى ۋە شاھزادىنى دانىشمەن بەسارەتكە قوشۇپ قۇل ئابادقا يولغا سالدى. ئۇلار كۆپ يوللارنى باستى، كۆپ سۇلار كەچتى، نىھايەت، قۇل ئاباد ئېلىنىڭ سىرتىغا يەتتى. كۆردىكى، بىر موماي بىر كۆمزەك سۇنى ئاران كۆتۈرۈپ، بىر خانىۋەتكە كىرىۋاتقان. ئۇلار موماي‌غا سالام بەردى. موماي ئۇلاردىن ئەھۋال سورىغان ئەردى، يىگىتلەر:

— جاھان كېزىپ، تەمتىرەپ يۈرۈرمىز، بالىسى يوقتا بالىمىز، — دەپ ئېيتتى. موماي نىھايەت خۇش بولدى ۋە ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ ئېلىپ بېرىپ بالا قىلىۋالدى. مومايىنىڭ باغۋەن بوۋىيى بار ئەردى. ئۇ، قۇل ئاباد ئېلىدە مەشھۇر باغۋەن ئەردى. ئۇ، كۆزپەرخاننىڭ چاھار باغىنى باقار ئەردى. كۈنلەردىن كۈن بەسارەت بوۋايغا باغقا بىللە بېرىشنى ئۆتۈندى. بوۋاي:

— ئوغلۇم، بۇ كۆزپەرخاننىڭ چاھار باغى، ئىنسى-جىن كىرىشكە بولمايدۇ، كۆزپەرخاننىڭ غەزىپىدىن ئاللاھ ساقلىسۇن، — دەپ ئېيتتى.

دانىشمەن بەسارەت باغۋەن بوۋايغا يەنە يالۋۇردى. ئارىدا موماي كىردى ۋە ئاخىرى بوۋاينى ماقۇل كەلتۈردى. بوۋاي كۆزپەرخانغا گۈل تىزدى. شۇندا دانىشمەن بەسارەت: «مەن تىزغايمەن بوۋا» دەپ گۈل تىزىپ ئىچىگە مۇنداق خەت سالدى: «كۆزپەرخان، مەن كەلدىم، سىزنى كۈتىمەن!»

بوۋاي گۈلنى كۆزپەرخانغا ئېلىپ كىرگەندە، كۆزپەرخان خەتنى كۆرۈپ بوۋايغا مۇنداق دېدى:

— قىزىلگۈل شېخى 41 دەرەم - دەرەم!

بوۋاي قايتىپ باغقا كىرىپ بەسارەتتىن: «بۇ نېمە گەپ» دەپ ئېيتتى. شۇندا دانىشمەن بەسارەت ئېيتتىكى:

— ئى، باغۋەن ئاتا، قىزىلگۈل شاخىدىن 41 تال ئېلىپ كەل، — دەپ ئېيتىپتۇر، — دېدى. بوۋاي قىزىلگۈلنىڭ يوغان شاخلىرىدىن ئالغان ئەردى، بەسارەت:

— ئى، ئاتا، نوتىلىرىنى ئېلىڭ، — دەپ ئاگرا ئۆگەتتى. بوۋاي قىزىلگۈل نوتىلىرىنى كۆزپەرخان ئالدىغا ئېلىپ كىرگەن ئەردى، كۆزپەرخان ئۇنى ئېلىپ كەلگەن قىزىلگۈل شىۋىقى بىلەن راسا ساۋىدى. بوۋاي ئىگراپ باغقا يېنىپ چىقتى. شۇندا بەسارەتكە:

— ئى، ئوغلۇم، قىزىلگۈلنىڭ يوغان شاخلىرىنى ئالمىغىنىم ياخشى بولغانىكەن، بولمىسا قالماس ئىكەنمەن، ئەقلىڭگە ئاپىرىن! — دەپ ئېيتتى.

دانىشمەن بەسارەت كۆزپەرخاننىڭ بۇ ئىشلىرىدىن «تۈندە قىزىلگۈل تۈۋىدە كېلىڭ!» دېگەن مەنانى سەزدى. ئاندىن شاھزادە ئالدىغا بېرىپ:

— كۆزپەرخانغا ئىشارەت بەردىم. تۈندە ئۇ «قىزىلگۈل تۈۋىدە چىقىمەن، ئويغاق قالما!» دەپ ئېيتتى.

شاھزادە تۈننى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى ۋە ئاخىرى يەر يۈزىنى تۈن پەردىسى باسقاندا مەشۇق دىلىنى كۆزلەپ، تىلىدا ئىشىق سۆزىنى سۆزلەپ باغقا ئۆتتى، كۆزپەرخاننى كۈتتى، كۈتتى، ئۇندىن ھېچ نىشانە بولمىدى، ئاخىرى ئۇخلاپ قالدى.

ئەلقىسسە: مەلىكە كۆزپەرخان 40 كېنىزەكى بىلەن تۈن تەگدە باغقا ئۆتتى. كۆردىكى، شاھزادە ئاشىقى كاردان قىزىلگۈل تۈۋىدە ئۇخلاپ قالغان، گۈل شاخىدا بىر بۇلبۇل خەندانە سايراپ تۇرغان. شۇندا ئەقىللىق مەلىكە شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قويىنىغا بەش ھوشۇق سېلىپ قويدى ۋە ئاندىن قايتىپ كەتتى.

ئاشىق شاھزادە بىر ھەزگەلدە ئويغانغان ئەردى، ھېچ تەۋدىش يوق، تىنچ، شۇندا ئۇ كۆزپەرخان چىقمىدى دەپ ئويلاندى-دە، قايتتى ۋە دانىشمەن دوستىغا «كۆزپەرخان چىقمىدى» دەپ خەبەر بەردى.

— سەن ئۇخلاپ قالدىڭمۇ دوستۇم، — دەپ سورىغان ئەردى، شاھزادە:

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇندا دانىشمەن بەسارەت ئۇنىڭ قويىنىنى ئاختۇرۇپ ھوشۇقلارنى ئالدى ۋە ئېيتتىكى:

— ئاشىققا ئۇيقۇ ھارامدۇر. مەلىكە چىقىپتۇ ۋە سېنى تېخى چوڭ بولماپسىز، ھوشۇق ئوينايدىغان ۋاقتىڭىز ئىكەن دەپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، — دەپ سورىدى شاھزادە.

— ئەمدى مەن سېنىڭ تىرنىقىڭنى ئالىمەن، گۆشىنى تىلىمەن، شۇندا ئاغرىقىغا چىداش بېرىپ، تاڭ ئاتقىچە ئولتۇرىسەن، — دەپ دانىشمەن بەسارەت دوستى شاھزادىنىڭ چىمەلتىكىنىڭ تىرنىقىنى گۆشى بىلەن شىلىپ ئالدى ۋە ئۇنى تېڭىپ قويدى. ئاندىن شاھزادىگە ئېيتتىكى:

— ئۇخلىغۇچى بولما، مەلىكە چىققاندا زىيادە قىلۇر، سۇ قۇيۇشقا باشلىغاندا سەن ئالدىدا تۇرۇۋال، ئۇنىڭ ھۆسنىگە قانارسەن. قولۇڭنى ئاۋايلاپ-يۇ، چىمەلتىكىڭگە سۇ تەگكۈزمە. مەلىكە كۆزپەرخان: «ئاخشام نە ئۈچۈن ئۇخلاپ قالدىڭىز» دەپ سورىسا، «ئى، كۆزپەرخان خالىدا كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئاز كېنىزەكىڭىز بىلەن چىقسىڭىز بولماسمىدى، 40 كېنىزەك ئالدىدا مەن قانداق سۆز قىلالايمەن. سىزنى كۆرۈپ، شۇڭا يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋالدىم» دەپ ئېيتقىن.

سۆز شۇنداق بولدى. شاھزادە كاردان پۈتۈن تۈن بويى قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ، كۆزپەرخاننى كۈتتى. تۈن تەگدە باغنى ئايدەك يورۇتۇپ مەلىكە كۆزپەرخان كېنىزەكلىرى بىلەن باغقا چىقتى ۋە شاھزادە بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن: «ئاخشام نە ئۈچۈن ئۇخلاپ قالدىڭىز؟» دەپ سورىغان ئەردى، شاھزادە دانىشمەن دوستى ئۆگەتكەندەك جاۋاب ئەتتى. كېنىزەكلەر مەلىكە كۆزپەرخاننىڭ قولىغا سۇ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە قولىغا سۇ ئالغانىدى، بىر تامچە سۇ چىمەلتىكىنىڭ گۆشىنى شىلىۋەتكەن يېرىگە تەگكەندە ئاغرىقىغا چىدىيالماي قاتتىق سىلكىۋەتتى. شۇندا بىر تامچە سۇ كۆزپەرخاننىڭ مەڭىزىگە قوندى. مەلىكە ئاچچىقلىنىپ:

— ھوي، ئەدەبسىز! — دېدى-دە، كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ باغدىن چىقىپ كەتتى. چاھار باغدا يەككە-يېگانە قالغان شاھزادە نالە-پەرياد قىلىپ يىغلار ئەردى.

ئەلقىسسە: دانىشمەن بەسارەت شاھزادىگە ئېيتتىكى:

— ئەمدى ئامال يوق، بىز بۇ يەردىن چىقىپ ماكان تۇتايلى، بىر مەزگىل كۈتەيلى، بەلكى يول بولۇپ قالار.

شۇنداق قىلىشتى، ئۇلار شەھەر ئارىلىدى، ساتىراشخانىغا كىرىپ، چاچ-ساقاللىرىنى ياساتتى. ساتىراشخانىدا مەلىكە كۆزپەرخان ھەققىدە سۆز بارار ئەردى. بىر كىشى ئەيتتى:

—دوستلۇق، مېھرىبانلىق شۇنچىلىك بولار، مەلىكە كۆز پەرخان بىلەن جانىقۇل شاھنىڭ قىزى گۈل ھەسەل بىر-بىرىگە شۇنچە مېھرىبان، قىيامەتلىك دوست. ئەگەر گۈل ھەسەل كېلىدۇ دېسە، مەلىكە كۆزپەرخان بىر ئايلىق يولدا ئالدىغا چىقىپ كۆز تۇتىدۇ.

بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دانىشمەن بەسارەت ئويلاندى ۋە شاھزادىنى باشلاپ بىر ھىيلە قىلماقنى نىيەت ئەتتى.

ئەلقىسە: دانىشمەن بەسارەت نۇرغۇن قىزلارنى سېتىۋالدى ۋە ئۇلارنى كېنىزەك سىياقىدا ياساندۇردى. شاھزادىنى بولسا، مەلىكە گۈل ھەسەل سىياقىدا ياساندۇردى، ئاندىن بىر ئايلىق يول ئۈستىدە تۇرۇپ مەلىكە كۆزپەرخانغا خەبەر بەردى:

«گۈل ھەسەل كېلۇر!»

مەلىكە كۆز پەرخان گۈل ھەسەل يولىغا كۆز تىكتى ۋە ئۇنى خۇشال كۈتۈۋالدى. ئوردا ئىچىدە شاھانە زىياپەتلەر بولدى. كۈنلەر ئۆتتى. بىر كۈنى مەلىكە كۆز پەرخان بىلەن «گۈل ھەسەل» تەنھا قالغاندا ھاممامغا چۈشۈشتى، شۇندا بۇ سىر-ئەسرا ئايان بولدى.

مەلىكە كۆزپەرخان:

—شاھ ئاتامغا قانداق يۈز كېلۇرمەن، ئەل-يۇرت بىلگەچە ئۆلگىنىم تۈزۈك، سىز بىلەن بىللە كېتەي،—دەپ ئېيتتى ۋە ئۇچى شۇنداق قىلىشتى. نىھايەت ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، بىر دەشتى-باياۋاندا تىنىدى. شۇندا مەلىكە كۆز پەرخان چاھار باغدا بولغان ھەممە دانىشمەنلىكلەرنىڭ ئىگىسى بەسارەت ئىكەنلىكىنى سەزدى ۋە كۆڭلىدە: «ئەجەب، دانىشمەن يىگىت بەسارەتنى كۆرمىگەنىكەنمەن» دەپ ئۆكۈندى. شۇندا بۇنى سەزگەن بەسارەت: دوستىغا سادىق بولماق دوستلۇق بۇرچىدۇر، مەن سىزگە كۆرۈنۈشنى دوستلۇققا خىيانەت دەپ بىلدىم!» دەپ ئېيتتى. كۆز پەرخان يىگىتنىڭ ئاپقۇرلۇقىغا، دانىشمەن، ئالىيجانابلىقىغا ئاپىرىن-تەھسىن ئېيتتى.

تۈن تەگىدە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غازلار ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۇچ غاز «غاق-غاق!» قىلىشتى. دانىشمەن بەسارەت غازلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلدى. چوڭ غاز: «بۈگۈن تۈن بۇلارنىڭ بېشىغا بىر بالا كېلۇر» دەپ ئېيتتى. ئوتتۇرانچى غاز: «ۋەزىرنىڭ ئوغلى دانىشمەن، بۇ بالادىن شاھ ئوغلىنى ۋە مەلىكىنى قۇتۇلدۇرار!» دېدى. ئەڭ كىچىك غاز: «شاھ ئوغلى دۆت، نەچچە كېچە ئۇخلىمىغان، بۈگۈن تۈن ئويغانماس!» دېدى. شۇنداق دېيىشىپ غازلار ئۇچۇپ كېتىشتى. تۈن شامىلى چاچىغان تەنلەرگە ئۇيقۇ لەشكىرىنى ئېلىپ كەلدى. شاھزادە كاردان ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولدى. ھەممە شېرىن ئۇيقۇدا ئەردى، مەلىكە كۆز پەرخان تۇيۇقسىز شۇنداق قاتتىق چىرقىراپ ئويغاندىكى، دانىشمەن بەسارەت ئويغىنىپ كەتتى. كۆردىكى، مەلىكىنىڭ ئوڭ مەڭزى ئىششىپ، چىرايى بۇزۇلۇپ، بەدبەشىرىگە ئايلىنىۋاتاتتى. يىلان زەھىرى ئۇنىڭ ئايدەك ھۆسنىگە ھۇجۇم قىلماقتا ئەردى. بەسارەت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. شاھزادىنى ھېچقانداق قىلىپ ئويغىتالمىدى. كۆزپەرخاننى ئۆزى قۇتۇلدۇراي دېسە، مەلىكىنىڭ مەڭزىنى شوراش كېرەك. قۇتۇلدۇرماي دېسە مەلىكىنىڭ ھۆسنى بۇزۇلۇپ، ئايدەك رۇخسارى ئۆزگىرىپ باراتتى. بىئىلاج دانىشمەن بەسارەت كۆزپەرخاننىڭ مەڭزىنى شوراپ يىلان زەھىرىنى دەمنۇ - دەم يەرگە تۈكۈرۈپ تۇردى. ئىششىق ئاستا - ئاستا ياندى. پەقەت قوناقتەك ئىششىق قالغاندا تاڭ سۈزۈلدى. شۇندا بەسارەت قاتتىق بىر شورىغان ئەردى، شاھزادە ئويغىنىپ، كۆزى چۈشۈپ قالدى ۋە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى، قىيامەتلىك دوستۇم، دوستلۇق شۇنداق بولىدۇ، مەن سېنى دەپ تەختتىن - بەختىمدىن كەچكەنىدىم، ئەمدى، سېنىڭدىن شۇ ۋاپا كەلدىمۇ؟! — دېيىۋىدى، بەسارەت ئەھۋالنى ئېيتتى. لېكىن شاھزادە ئىشەنمىدى. ئۇزۇن سۆزلەر بولدى، بولمىدى، ئاخىرى بەسارەت ئېيتتىكى:

— ئى، قىيامەتلىك دوستۇم، ئاللاھ ھەققىدە قەسەم قىلسامۇ ئىشەنمىدىڭ، خەير، ئۆزۈڭگە قىلدىڭ — دېدى-دە، بىرچىرقىراپلا چىپار تاشقا ئايلىنىپ يېتىۋالدى.

شاھزادە بىلەن مەلىكە يولغا چۈشتى. يولدا ئۇلار بالاغا يولۇقتى. قاراقچىلار مەلىكە كۆزپەرخاننى بۇلاپ كەتتى. شاھزادىنى قول قىلىپ بىر كىشىگە ساتتى. شاھزادە ئۆز قىلمىشىغا ئۆكۈنۈپ يىغلار ئەردى. كۈنلەردىن كۈن ئۇ پۇرسەت تېپىپ قاچتى ۋە ئۇدۇل چىپار تاش ئالدىغا كەلدى-دە، زار - زار يىغلاپ خۇداغا نالە قىلدى، دانىشمەن - سادىق دوستىنى سېغىندى، ئاللاھتىن ئۆز گۇناھىنى تىلىدى ۋە شۇنداق ھەسرەت ئىلە نەزمە ئېيتتىكى، چۆلدىكى گۈل - گىياھلار، جانۇ- جانىۋارلار تەڭ يىغان قىلىشتى:

بىلەلمەي ھالۇ - قەدرىڭنى سېنى ئەيلەپتىمەن خار، دوست،
بولۇپ قۇل كىشى قولىدا ساڭا بولدۇم ئەجەب زار، دوست.

ئالتىنچى كۈنىگە بارغاندا تاشتىن زۇۋان بولدى:

—خەيرىيەت، ئاللاھ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلدىڭ، گۇناھكار گۇناھىنى تىلىسە كەچۈرمەسلىك گۇناھدۇر، سېنى كەچۈردۈم، — دەپ ئورنىدىن تۇردى دانىشمەن بەسارەت.

شۇنداق قىلىپ دانىشمەن بەسارەت يەنە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆز قىياپىتىگە كېلىپ، دوستى ئۈچۈن كۆپ ياخشىلىقلارنى بەخش ئەتتى. مەلىكە كۆزپەرخاننى ئىزدەپ تاپتى. مەلىكە بىرغاردا تۇتقۇن قىلىنغان ئەردى. دانىشمەن بەسارەت بۇ يۇرتنىڭ شاھى بىلەن كېلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن دۇنيادەپنە بېرىش شەرتى بىلەن قاراقچىلارنى يورۇق ئالەمدىن قاراڭغۇ زىمىستانغا ھۆكۈم ئەتتى. خەيرىيەتكى، ئازاد بولغان مەلىكە كۆزپەرخان دانىشمەن بەسارەتكە كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر بايان ئەتتى.

ئەلقىسسە: رىۋايەتكار دەم نەپەستىن كېيىن بۇ رىۋايەتنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇركى؛ كىشى قانائەت باغىدا يايرىغاي:

شاھزادا كاردان دەشۇقى مەلىكە كۆزپەرخاننى ئېلىپ، دوستى دانىشمەن بەسارەت بىلەن بىللە ئۆز شەھىرىگە يول ئالدى. شاھ ئابدۇلھەبەت ئۇلارنىڭ كەچمىش - سەرگۈزەشتىسىنى ئىشىتىپ، دانىشمەن بەسارەتنى ئۆز ئوغلىدىن چارى كۆردى ۋە شاھلىق تەختىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئوغلى شاھزادە كاردانىنى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىن ئەتتى. بەسارەتكە جانئول شاھنىڭ قىزى گۈل ھەسەلنى ئېلىپ بەردى. ئەل - يۇرت بۇ ئىشتىن بەھەد-ھېساب مەمنۇن بولۇپ، ئادىل ۋە دانىشمەن شاھى بەسارەتنىڭ نۇرى ئاپتابىدا تولىمۇ ئاسايىشلىق كۈن كۆرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن، ئىجادىي رەتلىگۈچى: ئابلەت ئابدۇللا




نىزامىددىن ھۈسەيىن

## 4. قويۇندىن كەلگەن «ئەۋلىيا»

## (تارىخىمىزدا ئۆتكەن «ئەۋلىيا» تۇردى خوجا توغرىسىدا)

### 2. «ئەۋلىيا» نىڭ «پەزىلەت» لىرى

«ئەۋلىيا» نىڭ «پەزىلەت»لىرى (غايەۋى «پەزىلەت» لىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئەلۋەتتە) دېگىنىمىزدە، 18- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىزنىڭ جاي - ماكانلىرىمىزدا ئۆزىنىڭ «دىنىي يولى» — «مەشھۇر دىيەتتى ئىشقىيە سۇلۇكى» (ئاپپاق خوجا «ئىشقىيە سۇلۇكى») نى قايتا تىرىلدۈرۈش، يۈرگۈزۈش، مەشھۇرلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشىدا ھەرىكەت قىلغان، ئەل ئارىسىدا ئۆزىنى «تەرىقەت ئۇستازى»، «ئەھياب پىر - زات» (دىنىي، روھىي جەھەتلەردە يېڭى يول كەشىپ قىلغۇچى — پىر ئۇستاز-ئا)، «روھىيەت ھۆكۈماسى» ئېلان قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن، 18- ئەسىرلىك مىللىي تارىخىمىزنىڭ سەلبىي نۇقتىلىرىدا تولىمۇ قەبىھ قىلمىشلىرى بىلەن ئالاھىدە ئۇچراپ، يادلىنىپ تۇرىدىغان، ئەينى زامان سىياسىي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي خىزمەتچىلىرىدىن بىرى — ئالاھىدە قىلمىشگەر تۇردى «ئەۋلىيا» ۋە ئۇنىڭ «دىنىي» يولىنىڭ ئەڭ يىرىك نەتىجە - ئاقىۋەتلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز.

**لەنتى خۇشامەتكار**

مېنىڭچە، خۇشامەتكارلىق — تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، كىشىلەرنى خۇشامەتچىگە، خائىن - مۇناپىققا، رەزىل، مۇتتەھەم... گە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ۋىجدانسىز، نىجىس كىشىلەر ئىدىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىنكاسىدۇر. تارىختا «ئىشقىيە» چى سوپى - ئىشانلارنىڭ «خاسىيەتلىك مۇئەللىپى» نامى بىلەن ئاتىلىپ، 1930- يىللارغىچە داڭ چىقىرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر جاھالەتچى مۇئەللىپ شاھ نەزەر خاراباتى ئەنە شۇنداق خىسلەتكە مەنسۇپ ئەدىبلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىسلىتى — بىزنىڭ 18- ئەسىرلىك مىللىي، دىنىي ئىدېئولوگىيە ساھەمىزگە پەۋقۇلئاددە سەلبىي ئىدىيە — تۇردى خوجا «دىنىي يولى» («دىنىي




* بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا

ئىدىيىسى») نى ئىجابىي «يول» قىلىپ پەدازلاپ، ئەل ئۈچۈن چۈشەنچە بېرىشتەك (ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىپ ئارىلاشما «ئىدىيە» ھاسىل قىلىشتەك) يالغانچىلىق ئىستىلى بىلەن ئەمەلىيەتلەنگەن. «ئۇنىڭ ئالاھىدە سەلبىي يازمىلىرى بىلەن تارىختا مەشھۇرلانغان تۇردى خوجا ھەم ئۇنىڭ ئاتالمىش «دىنىي يولى» توغرىسىدا يېزىپ كەتكەن بويىچە ماتېرىيا-ياللىرىنىڭ كۆپ قىسمى — ئەنە شۇنداق يېزىق ئەمەلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەزىزىنىڭ «ئۇلۇغلار تەرىپاتى» ناملىق قوليازمىسىدا كۆز بويامچىلىق بىلەن مۇنداق يازىدۇ:

«تۇردىش پىرىم ئىسلام ئەھلىنىڭ پاسىبانى، ئىجادكارى، پەيغەمبەر ئەۋلىياسىدۇر... ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھى ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبلىرىدىندۇر... تۇتقان يولى ھەزرىتى ئاپپاق ۋەلىيۇللانىڭ كېيىنكى زامانلاردا مۇبارەك ئەمۇنە قىلىپ كەتكەن (ئىشقىيە) يولى ئېردى... ھەممە مۇمىن رەئىيەت زار - زار يىغلاپ، تەڭرىگە سېغىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجادلىقىنى، زالىملارنىڭ زاۋاللىقىنى، دىنىي ئىسلامنىڭ پاكلىقىنى تىلەپ، دۇئا - ئىلتىجا بىلەن تۇرغان زامانلارنىڭ بىرىدە تەڭرىنىڭ بىشارىتى بىلەن ئول زات خۇددى روھى ئىقلىمىغا خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇيەسسەرلىك بۇ تەرەپلەردە باش كۆتۈردىلەر... ئەھلى خالايىقنى ھەزرىتى ھىدايىتۇللا ئەۋلىيا زاتىنىڭ (ئىشقىيە) يولىغا يېتەكلەش ئەجرىدىكە تۇتتۇندىلەر.... پۈتۈن ئۆمرى ھاياتىنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز ۋە يۇقىرى قىلماققا، (ئىشقىيە) ئەھلىنى ئۇرلاندۇرماققا ئاتىغان ئېردىلەر... بۇ زات بۇ... دىيارنىڭ مۇمىن بەندىلىرىگە نىسىپ بولغان ئاسمايىش (ئەۋلىيا) سىدۇر... ئۆمرىنى رەئىيەگە ئىمان يولى، ئىمان خىسلىتى، ئىمان تىلى، ئىمان رىسالىسى ۋە ئىمان سادىسىنى بىلدۇرۇش، سىڭدۇرۇش... كە ئاتاپ ئۆتكەن... قاراقۇز، يورۇقۇم قەۋملىرى (پامىر، قاراقۇرۇم ئاھالىلىرى — دېمەكچى - ئا) پىرىمىنىڭ 11 قەدەملىك (11 يىللىق دېمەكچى - ئا) خاس مۇرت - يارانلىرى بولغان... پىرىمىز يات پىرلىقلارنى زاتەن يات بىلگەن... باتىل بەندىلەرگە (دىندا بۇزۇلغان مۇسۇلمانلارغا دېمەكچى - ئا) تەلىم - تەنبىھ بېرىشكە ھادارىسىز بولغان، دۇئايى بەدنەت قىلمىغۇتكەن. شاپىلىلەرگە (غەپلەتتە قالغۇچى مۇسۇلمانلارغا دېمەكچى - ئا) توغرا يول كۆرسەتكەن. ئۇ زات تەۋرىسە ئەل تەۋرەر ئېردى. ئىسلام ھېچقاچان شۇ زات زامانىدىكىدەك قۇدرەت تاپقان ئەمەس ئېردى. ئول زاتىنىڭ نىيەت، دالالەت، بىشارەتلىرىدىن بەھرى ئىمگۈچىلەرنىڭ مۇراد مەقسەتلىرى بىنەھەقىق ھاسىل ئېردى... دالالەت، دۇئا، نەزىر، ئەھرى - مەرۇپلىرى بىلەن ئول تەرەپلەر بېھىش قىياپەتىدە راۋاج تاپقان، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكەتلىرىگە قانغاندۇر... ئىمانغا، رىزىق - مەئىشەتكە تولغاندۇر... پىرىم رازى - خۇدا رازىدۇر. پىرىمىزدىن (تەخىرەت) كەتكەنلەر ھەر ئىككىلا (ئالەمدە) بەدبەخت، بىئىمان كەتكەن... پىرىمىز، دىن چىرىغىمىزنى قۇۋۋەت تاپتۇرۇش ئۈچۈن يەتتە ئىقلىمنى يەتتە كەزگەن (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئۇ زامانلاردىكى شەھەر، بازارلىرىنى، بۇخارا، بەلخ، بېيجىڭ... قاتارلىق جايلارنى بىر نەچچە قېتىمدىن كەزگەن دېمەكچى - ئا) دۇئا - تىلاۋەتلەر قىلغان...»

بىز يۇقىرىقىدەك ئۇزۇن، ياسالما تەرىپاتلارنى يەنە باشقا بەزىبىر «دىنىي» ئەپسانىۋى ئەسەرلەر - مەسىلەن: «تەرىقەت بايانلىرى»، «تۇردىش خوجا تەزكىرىسى» ... دىنىي ھەر خىل تەرىپات شەكىللىرى بىلەن ئۇچرىتىپ كەلمەكتىمىز. بۇ خىل ئەپسانىۋى توقۇلمىلاردا ئومۇمەن يەنىلا تۇردى خوجىنىڭ «ئۇلۇغ» لىقى، «ئىشقىيە»چىلىك «دىنىي يولى»، «جاسارىتى»، «خۇدا يولىدا كۆرسەتكەن دىنىي» خىزمەتلىرى، تارىختا مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزغا ئاتا قىلغان «تۆھپە»لىرى، «دۇئا»، «ئىلتىپات»لىرىنىڭ نەمۇنە مىساللىرى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «نەسەب» داشلىقى، ۋە ھاكازا «ئۇلۇغ»لۇق خىسلەتلىرى تولىمۇ ئىجابىيلاشتۇرۇلۇپ ۋە كۆپتۈرۈلۈپ تەكىتلىنىپ كەلگەن ۋە ھەتتاكى ھازىرغىچىلىكمۇ بۇ خىل ئويدۇرما ئەپسانىلارنىڭ داۋامى يەنىلا بىر قىسىم جاھالەتخۇمار شەخسلىرىمىزنى ئۆزىگە رام قىلىپ، جەمئىيىتىمىزدە تارىختىن كەلگەن يامان خاراكتېرلىك (سەلبىي) دىنىي چۈشەنچە تۇمانچىلىقىنى پەيدا قىلىپ كەلمەكتە؛

## تەكرارلانغان جىنايەت غايىسى

خۇشامەتكوي مۇئەللىپ خاراباتى يۇقىرىقى تەرەپلەردە تەكىتلەپ شەرھلىگەن ئۇردى خوجا بىلەن «مەشھۇدىيىتى ئىشقىيە» يولى يەنى «دىنىي يولى» زادى قانداق يول؟ ئىجتىمائىي مەقسەت قىلغان؟ ئەمەلىيىتى قانداق بولغان؟ جاۋاب شۇكى: «ئىشقىيە» — ئاپپاق خوجا 17- ئەسىردە قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارنى ئارىسىدا يولغا قويۇپ ئىجرا قىلغان «دىنىي تەرىقەت»نىڭ خاس نامى. «مەشھۇدىيەت» ئاتالغۇسى بولسا، 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشاپ «تەرىقەت» چىلىك قىلغان جاھالەتچى ئۇردى خوجا تەرىپىدىن قوشۇلغان سۈپەت نامىدۇر. كۆزلەنگەن ئۇقۇم بولسا — «ئىشقىيە»نىڭ شۆھرىتىنى قايتىدىن مەشھۇرلاشتۇرۇش، قايتىدىن جانلاندۇرۇش.

دېمەك، ئاپپاق خوجىنىڭ 7- ئەۋلاد پۇشتى ئۇردى خوجا ئاللىقاچان تارىختا ئىزى ئۆچۈپ خارابلاشقان ئاپپاق خوجا «دىنىي» تەرىقىتى — «ئىشقىيە» يولىنى 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قايتا تىرىلدۈرۈش، شۆھرەتلەندۈرۈش غەرىزى بىلەن بۇ «سۇلۇك»نى ئۆز «ئىختىراسى» سۈپىتىدە قۇراشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى بولسا: مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي تەركىدۇنيالىق يولىغا باشلاش يەنى ۋەتەن، نەسلى- نەسەب، ئەجداد، ئەۋلاد ھېسسىياتى بولمايدىغان، ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق ئۇرۇنۇشلىرىدىن خالىي، ھەر قانداق ئىجتىمائىي ئىشقى مۇھەببەت، ھەر قانداق ھوزۇرى ئىستەكلەرنى ھەر ۋاقىت رەت قىلىپ ئۆتۈشنى ئۆمۈرۋى مەجبۇرىيەت، خۇدايى قەرز قىلغان، بىر تەن، بىر جان ئىنسانچىلىق قىلمىش يولىغا باشلاش، تەپرىقىلەشتۈرۈش، نەسلى پېشكەلچىلىك- (نەشەخورلۇق، مەستخۇشلۇق، كەسپىي بەڭگىلىشىش- كاردىن چىقىش) ۋە نەسلى- نەسەبسىزلىك تەقدىرىگە كۆندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئەشەددىي جاھالەتچى ئاپپاق خوجا 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بىزنىڭ يۇرت- ماكانلىرىمىزدا ئۆز غايىۋىلىكىدىكى جاھالەت تۇدانى «ئىشقىيە» سۇلۇكىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەقدىرىگە تۈزكورلۇق قىلمىشلىرى بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نەسلى- نەسەبلىرىدىن بولمىش ئۇردى خوجا ئۆزىدىن ئازكەم بىر ئەسىر ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن گۇم قىلىپ، تۆكۈرۈپ تاشلانغان جاھالەت قىلتىقى — «مەشھۇدىيىتى ئىشقىيە» يولىنى قايتا تىرىلدۈرۈش، يەلكى ئەجداد بوۋىسى قىلىپ ئۆلگۈر — مىگەن يېگىچە «ئىشقىيە» كارامەتلىرىنى قايتىدىن پەيدا قىلىش، جانلاندۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن مەيدانغا چىققان. بۇنى تەكرارلانغان جىنايەت يول ، ياكى كونا جاھالەت بوھرانىنىڭ بىر ئەسىردىن كېيىنكى قارام پاجىئەسى دېيىشكە بولاتتى، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە، بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇمچە ئىزاھلاش لازىمكى، تارىخىمىزنىڭ 18- ئەسىردىكى ئالاھىدە ئۆزگىرىشلىك باسقۇچى شارائىتىدا «كەشىپ» قىلىنىپ شۇ زاماننىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەقسەت — ئۇرۇنۇشلىرىغا مەنىۋى يېقىنلىق يانداشتۇرۇش ھېمايىسىدا رول ئويناپ (بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزغا «دىنىي» قىسمەتلىك، «پېشانە»گە پۈتۈلگەنلىك، «تەقدىر» بېشارەتلىرى بىلەن غايىۋى زەئىپلەشتۈرۈش، دېگەن... قۇللۇققا يېتەكلەش رولىنى ئويناپ، ئەلۋەتتە) كەلگەن بۇ «دىنىي» يولنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەسلى ماھىيىتىنى، پاجىئەلىك

نەتىجە–ئاقىۋەتلىرىنى تارىخىي دەلىللەر ئاساسىدا پاش قىلىش، رەت قىلىپ تاشلاش–مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ «مۇسۇلمان ئۇئەللىپ» لىك ئۇدۇرىنى يۇقىرىقىدەك ساختا- ئويدۇرما تارىخ–«ئۇلۇغلار تەرىپاتى»......دەك توقۇم نامىلارنى قارىسىغا تەييارلاشقا سەرپ قىلغان، ئەقلىي بىساتلىرىنى ئەجدادلىرىمىزنى ئاڭسىز «ئېتىقاد» قۇربانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىمىش، يېتىلەكلەپ كۆندۈرۈشكە ئاتاشتەك يامان قىلمىشلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىپ كەلگەن يالغانچى قەلەمكەشلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىمىزگە بىلدۈرۈپ كېتىش- ھەر بىر ۋىجدانلىق، راستكوي قەلەم ئەھلى ئۈچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتتۇر. ھازىرقى چاغلارغىچە ئەنە شۇنداق يالغانچى مۇئەللىپلەر پەيدا قىلىشقان ئاتالمىش «دىنىي كىتاب»لار (ئىسلام دىنىنى نىقاب قىلىۋالغان ئەپسانىيەتپەرەس جاھالەتچى ئاپتورلار ئويدۇرۇپ چىقىرىشقان دىنغا زىت «دىنىي كىتاب»لار، ئەلۋەتتە)نىڭ تەسىرلىرىگە ئەسىر بولۇپ تۇرۇشۇۋاتقان ئاڭسىز «ئېتىقاد» قۇربانلىرىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇش، ھەق چۈشەنچىلىك كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش، جاھالەت مەنبەلىرىنى رەت قىلىۋېتىش، كىشىلەرنى مەنىۋى ئويغىتىش ئۈچۈنمۇ بۇ خىل مەجبۇرىيەتلىرىنى چوقۇم ئادا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## پەدازدىكى بەدنىيەت

بىز يۇقىرىقىدەك كونا مەنبەلەردە ئىجابىي سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىنىپ كەلگەن تۇردى خوجا ۋە تۇردى خوجا «دىنىي يولى» نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتە تۆۋەندىكى ئورۇنلۇق سوئاللارنى چۆرىدەپ قەلەم تەۋرىتىمىز: تۇردى خوجىنىڭ تارىختىكى «دىنىي يولى» زادى قانداق يول؟ راست «ئىمان» يولمۇ؟ ئەمەلىيىتى قانداق؟ تۇردى خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ تارىختا بىزنىڭ بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزغا «دۇئا»، «ئىمان» سۆزى بىلەن سىڭدۈرۈپ كەتكەن «ئىمان يولى»، «ئىمان خىسلىتى»، «ئىمان تىلى» زادى قانداق ۋە نېمە ئەمەلىيەتلەردىن ئىبارەت بولغان؟ راستتىن بىلەن «مۇسۇلمانلارنى ئەزىز ۋە يۇقىرى قىلماقتا، نۇرلاندۇرماقتا كۈچ سەرپ ... قىلغان»مۇ؟ ئۇ دىنپەرۋەر، مۇسۇلمانپەرۋەر، خەلقپەرۋەرمىدى؟

تارىخىي پاكىتلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھەقلىق ھالدا شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇ خىل «دىنىي يول»لار – قىسقىسى تۇردى خوجا «مەشھۇرىيىتى ئىشقىيە» — «دىنىي يولى» ئەمەلىيەتتە تۇردى خوجا تارىختا بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرغان سىياسىي ھوقۇق يولى، تەپرىقىچىلىق يولى، خەلقنى ۋەيران قىلىش يوللىرىنىڭ خېرىدارىغا باپ چىرايلىق زەھەر كۆڭلەك («ھەسەل يېنىمايدىغان «قارا چايان» ھەرىلەر كۆڭلىكى» ئا) ياكى تەتۈر ئۇقۇملۇق ئىز نامىلىرىنىڭ نامىدۇر. ئۇيغۇر تارىخچىسى ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇئەللىپ موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى تارىختا ئۆتكەن خوجا – ئىشان ھۆكۈمرانلار، بولۇپمۇ ئاپپاق خوجا نەسەبلىرىدىن بولغان «ئىشقىيە»چى ھۆكۈمران خوجىلارنىڭ ئەسلى قىلمىش ئەپتىلىرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازغان:

«خوجامىلار بۇ يەتتە شەھەر بەلكىم پۈتۈن موغۇلىستان ئۆلكىسىگە سىغىشمىدى ... بىر قانچە تائىپىلەرگە بۆلۈنۈپ بىر- بىرىگە ھەسەت، ئاداۋەتلەر قىلىشىپ ... ئۆزلىرىنى ھالاكەت

www.uygurkitap.com

ۋە زالالەتكە سېلىپ، ئېتىقادسىزلىق قىلىپ، بۇ يۇرت ئادەملىرىنى قالماق ياكى ماجۇلغا تەۋە قىلىپ بېرىپتۇ ... خوجىلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى يا مىللەتنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ياكى سەلتەنەتنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرىغا مۇۋاپىق كەلمىدى. خالىغانچە ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى...»

دەرۋەقە، جاھالەتچى مۇئەللىپ شاھ نەزەر خاراباتىنىڭ تۇردى خوجا «خىسلەت»لىرى توغرىسىدا تەكىتلەپ كەتكەن «يات پىرلىقلار»، «غاپىللار»، «باتىل بەندە»لەر، «دۇئايى بەنت» قىلىنغانلار، «تەخسىرەت» كەتكەنلەر، «بەد بەخت»، «بىئىمان»لار خۇددى موللا مۇسا سايرامى يۇقىرىدا تەكىتلىگەن «سىغىشالماسلىق»لارنىڭ: تۇردى خوجا چاغلىرىدىكى مىسالى نام ئىزلىرىدۇر. تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە: تۇردى خوجا مىلادى 1740- يىللاردىن 1770- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۆتكۈزگەن ئالىي زاتلىق ئۆمۈر يىللىرىدا يەنى «ئىشان»، «ئۇستاز»، «ئەۋلىيا»، «روھىيەت ھۆكۈمراسى»، «ياساق تەيجىسى»، «ئۆتتۇرانچى گۈلۈك»، «چەنلۈڭ خانغا قۇدا باجا»، «غەربىي دىيار سەركەردىلىرىدىن بىرى» ... بولۇپ ئۆتكەن يىللىرىدا ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچ- قۇدرىتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ھۆكۈمرانلىقىنى، بولۇپمۇ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى چوڭايتىش، يۈرگۈزۈش، بۇ خىل ئورۇنۇشلىرىغا دەخلى قىلغۇچى، بولۇشمىغۇچى، ھېسداشسىز تۇرغۇچىلار دەپ قارالغانلار ئارىسىدا تەپرىقات، زىتلىشىش، قىرغىنچى قولاشماسلىق ... تەك قەبىھ ناكەسلىك ئىللەتلىرىنى چېچىش ھەرىكەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ ئۆتكەن. «تەزكىرە پىرياران» دىن بىلىشىمىزچە، تۇردى خوجا ئىسلامدا پەقەتلا ئۆز چۈشەنچىسىنىلا ئاساس قىلىدىغان، ئۆز «پىر» لىقىنى پەقەت زورلۇق كۈچ ۋاسىتىسى بىلەنلا جامائەتلەشتۈرۈشكە تىرىشقان، كۈچ- ئىمكانىيەتلىرى يەتكەنلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە «يات پىرلىق»، «باتىل»، «غاپىل»، «بىئىمان»، «بەد بەخت» لەرنى «دۇئايى بەنت» قىلىۋېتىش (قاغاپ غەزەپكە ئېلىشنى، جازالاشنى، «ئەل» نەپرىتىگە مۇپتىلا قىلىشنى ... ئا)نى ئۆز «پىر» لىق كارامەتنامىسى قىلىپ تۇرغان. دېمەك، تۇردى خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۆز پەيتىدە ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي يول»غا كىرىشكەن، قارشى چىققان، ئىجتىمائىي ئىجادىيەت، ئىلىم- مەرىپەت يولىنى تۇتقان، ۋەتەن، مىللەت، خەلق غېمىدە ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي ... ساھەلەردە ئادالەتلىك پائالىيەتلەردە بولغان، باشقا دىنىي سۇلۇك ۋە دىنىي بەندىچىلىك ھەرىكەتلىرىنى كەسپىي ئىرادە قىلىشقان ... بارلىق ئەل- خالايىقنى ئۆزلىرىگە رەقىبلىك، ئۆز ئارا بىئەپلىك «تەقدىر»ى مالامىتىگە دۇچار قىلىشقان يەنى تەپرىقات ئورۇقلىرى چېچىپ كۆكلەتكەن. مىلادى 1929- يىلى قاغىلىق ئازغانسالدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئەدىب، ئۆلىما سۇلتان باي ھاجىم ئۆزىنىڭ «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازما ئەسىرىدە تۇردى خوجا ۋە تۇردى خوجا شېرىكلىرىنىڭ زامانىدىن بىزگىچە ئادەت شەكلىدە سوزۇلۇپ كەلگەن «قارا ئۇستىخان»، «ئاق ئۇستىخان» تەپرىقاتچىلىقى ۋەقەلىكلىرىنىڭ تارىخىنى مۇنداق شەرھلىگەن:

«تۇردەش خوجا ئاممىتى غالىب، ئۇستۇن، غەزەپلىرى چەكسىز، كارامىتى ئۇلۇغ، نەسەبلىرى خوجاكالان (ئاپپاق خوجىنىڭ بۇۋىسى مەھەممەد ئىمىن ئىشان كۆزدە تۇتۇلغان - ئا)، تۇتقان تەرىقەتلىرى ئاق داستارلار تەرىقىتى (خوجا كالانچىلار تەرىقىتى دېمەكچى - ئا) دېيىلەر ئىردىلەر... ئول زات تاغ تەۋەلىرىدىكى (قارا قورۇمدىكى ئازغانسال، گوسەس، چۈپ قاتارلىق 30 نەچچە كەنت - مەھەللىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ - ئا) ھۆكۈمدار، شەيخۇل ئەقتاب، ئۇلۇغ بولۇپ ئۆتكەن زامانلاردا مەخدۇم زادىلەر (ئىشقىيە سۇلۇكىدە مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ ئادەتلەنگەن «قارا تاغلىق» مۇسۇلمانلار دېمەكچى - ئا)

بىر ئىجزالىرى ئامەت - ئۈسپەتلىرىدىن ئاجراپ، ئاق داستارلار تەرىپىدىن زەپقە - زۇلمەتكە قالدىلەر ... بۇ ئىشقا سەۋەب شۇكى: ئول قەۋمئەھلى تۇردىش ۋاڭ خوجا ئەقىدىلىرىنى دۇرۇس تۇتمىغان. ئەزا - خۇسۇمەت يولىدا بولغان... شۇ ۋەجىدىن تۇردىش ۋاڭ خوجا تارىخىي ھىجرىيە 1168 دە بىر مەرتەم، 1173 دە بىر مەرتەم (مىلادى 1754 —، 1759 - يىللىرى - ئا) داق تونلۇق ئوقىيىدا ھازارىل مەجلىس قىلىپ شەرىئەت، تەرىقەت پېشۋالىرىنىڭ گۇۋاھ - شاھىدلىقىدا، تەكتى پاك ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ (تۇردى زات مۇرىتلىرىنىڭ دېمەكچى - ئا) نام شەرىپلىرى بىرلەن ئول كىشىلەرنى زېمىن يۈزىدە تاكى مەھشەرگىچە ئەبەدۇلئەبەد «قارا ئۇستىخان» ئۆتمەكلىككە ئەمرى ھۆكۈم (پەتىۋا - ئا) قىلدىلەر... دۇئايى بەد نازىل قىلدىلەر... بۇ تۇردىش خوجا زامانىدىن قالغان يادنامە قىلىنمىشدۇرلەر ...»

تۇردى خوجا زامانىدىن تاكى كېيىنكى چاغلارغىچە تۇردى خوجا «پەتىۋا»سى بىلەن «قارا ئۇستىخان»لىق - «غالچا»لىق ئەللەتلىرىدىنى «پىردىن قالغان مىراس»، «تەقدىر»، «ئىرادە»دىن بىلىپ، ئۇ ۋەھمەن ئىنسانلىق جەمئىيىتىدە كەمسىتىلىش، يەكلىنىش، باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرۇشنى تەقدىرى ئادەت قىلىش، قىسقىسى، ئىنسان قۇلچىلىقىنى «پېشانە»لىرىدىن راۋا كۆرۈپ، پەقەت بويسۇنۇش تارىخىنىلا يارىتىپ تۇرۇشقا كۆنۈپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان «ئادەت قۇلى» ئاھالىلەر بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزدە ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. تۆۋەندىكى «ئازغانسال خاتىرىسى» بۇ قارىشىمىزنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

## ئازغانسال خاتىرىسى

ئازغانسال — قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزا تەۋەسىدىكى ئىككى مەمۇرىي كەنتنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك نامى. بۇ يەردىكى يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ 1950- يىلدىكى ئىچكى مۇناسىۋەت كەيپىياتلىرىنى مەن ئەينى يىللاردا مۇنداق خاتىرىلىگەنىدىم: بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى 1949- يىلغىچە 133 ئائىلە، 1887 جان، 540 پۇقرا، چوڭ - كىچىك 31 مەھەللە، 43 چارۋىچىلىق ئولتىقى، بەش مەسچىت، بىر سۇ، بىر جىلغا دائىرىسىدە بىر 100 بېشىلىق يۇرت بىرلىكى بويىچە جاھاندارچىلىق قىلىشىپ كېلىشكەن. بۇلار ئارىسىدا 29 ئائىلە، 99 پۇقرا، 179 جان بويىچە جاھان تۇتۇپ تۇرغان «قارا ئۇستىخان» ياكى «تېگى غالچا» ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلار بار. ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنى «ئاق ئۇستىخان»، «تېگى پاك» ئاتايدىغان باشقا كۆپ سانلىق يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن تەبىئىي يەكلىنىش ئوبيېكتى قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خىل يەكلەش، يەكلىنىش ئادەتتىكى يۇرتدارچىلىقتا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئون خىل ئادەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان.

1) «ئاق ئۇستىخان»لار «قارا ئۇستىخان» ياكى «غالچا»لار تەرىپىدىن قىز ئالمايدىغان، قىز بەرمەيدىغان، قەتئىي نىكاھ مۇناسىۋىتى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى قىلمايدىغان ئادەت مۇقىم، شۇبھىسىز «توغرا» ئادەت قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇلغان ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

2) «ئاق ئۇستىخان»لار تەرىپ ھەرقانداق چاغ ۋە ھەرقانداق شارائىت ئاستىدىمۇ ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىقنىڭ بارلىق ئۆتكەملىرىدە - سورۇنلاردا، ھەر نىكەتلەردە، تۇرمۇشتا، مۇلازىم ساھەلىرىدە، مەسلىھەت - كېڭەش، تەكلىپ، تەلەپلەرنى بىرلەشتۈرەك ئادەتتىكى ئەل سۆھبەتلىرىدە ... «قارا ئۇستىخان»لاردىن دائىم، شەرتسىز ئۈستۈن ئورۇندا (ھۆكۈمران مەۋقەدە) تۇرۇش، سۆۋۈپ كەتمەسلىك ئادەت قىلىنغان.

3) «قارا ئۇستىخان»لار تەرىپ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ھەرقانداق زاماندىمۇ يۇرت ئىگىدارچىلىقىدا، يەر، يايلاق، تاران (قىشلىق ئوتلاق)، يەر ئاستى - ئۈستى بايلىقى، سۇ، ئورمان ۋە باشقا ساھەلاردىن پايدىلىنىشتا «ئاق ئۇستىخان»لار تەرىپىدىن ئېشىپ قالغان، ئۇلار ئېتىبارغا ئالمىغان «ئاشقان نېمەت»لەردىن پايدىلىنىشقا رازى بولۇش - كۆنۈپ ياشاش ئادەت شەرتى قىلىنغان.

4) «ئاق ئۇستىخان»لار تەرىپ ئەل - يۇرتنىڭ ھەرقانداق دىنىي، مەمۇرىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي... ئىمتىياز ئۈستۈنلۈكىنى «قارا ئۇستىخان»لار تەرىپ كىشىلىرىنىڭ ئىستېمال قىلىپ كېتىشلىرىگە قەتئىي يول بەرمەسلىك، «قارا ئۇستىخان»لار تەرىپىمۇ «تەقدىر» بۇيرىغان بۇ خىل «ئامەت»-

www.uyghurkitap.com

لەرگە ئېسىلماسلىق ھەم «نەسىپ بولمىغان شۆھرەتنى ھارام»غا ئەبەدىي قىزىقماسلىقى — كۆرۈش — «رازى بولۇش» — مەڭگۈلۈك - ئۆزگەرمەس ئادەت ھېسابى بىلەن ئۇزۇملاشتۇرۇلغان.

5) يۇرتنىڭ تەن ساقلىقىنى (ھۆكۈمەت مەدەتكارچىلىقى، يۇرت مەدەتكارچىلىقى، دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ھەربىي، مۈلكىي... ھاكىم ئورۇنلارنىڭ مەجبۇرىي ۋە زۇلمى ئەمەسكەك .. ساقلىغىلىرىنى — ئا) «قارا ئۇستىخان» تەرەپ ئادەملىرى ئورۇنداش ھەم بۇنى ئەبەدىي شۇنداق ئادەت بىلەن داۋام قىلدۇرۇش — يۇرتنىڭ تەركىسىز ئادەت تۈزۈمى قىلىپ تۇتۇلغان.

6) «قارا ئۇستىخان»لار «ئاق ئۇستىخان»لارنىڭ «ئوتاقچى»، «مالچى»، «خىزمەتكار» بېقىندىلىرى ھېسابى بىلەن بىر قىسىم «ئاق ئۇستىخان» «يۇرت چوڭلىرى» باي، خوجاملارنىڭ ئىگىلىك ھامىيلىقىدا جاھان تۇتۇشقا (پالانچى باينىڭ ئادەملىرى، پالانچى قازى، ھاجى، خوجاملارنىڭ چاكار، چاپارمەنلىرى... بولۇپ ئىرىكچىلىك قىلىشقا) كۆندۈرۈلۈپ بىتماكەن.

7) «قارا ئۇستىخان»لارنىڭ «ئاق ئۇستىخان»لار ئۇستىدىن قىلىدىغان ئەرز، شىكايەت... لىرى، پىكىر-زارلاشلىرى ھەتتا قىلماقچى بولۇشقان «ئىناۋەت تۆكۈش» گەپلىرى قەتئىي ئېتىبارلانمايدىغان، تەھقىقلەنمەيدىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ زىيانلىرى ھېسابى بىلەن ئەجرىلىنىپ تۇرىدىغان ئادالەتسىز ئادەت «ھەق ئادەت» قىلىپ تۇتۇلۇپ تۇرغان.

8) «ئاق ئۇستىخان» مېيىت بىلەن «قارا ئۇستىخان» مېيىتنىڭ بىر زاراتگاھلىق باكى بىر ئورۇندا دەپنە قىلىنماسلىقى، «قارا ئۇستىخان» مۇللا ئوقۇغان مېيىت نامىزىغا ۋە ھەتتاكى ھەرقانداق خۇدايى نامازلارنىڭ ھەرقانداقىغا «ئاق ئۇستىخان»لار بارماسلىقى، مەسجىدتە بولماسلىقى — ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىق بولىدۇ، دەپ قارالغان ھەم بۇ قاراش مۇقەددەس «دىنىي» ئادەت قىلىپ بېكىتىلگەن.

9) «قارا ئۇستىخان»لارغا ئارىلاشقان، بولۇشقان، مۇئامىلىدە بولغان ھەرقانداق خالىس كىشى «ئاق ئۇستىخان»لارنىڭ مەسخىرىلىش، يەكلەش، كەمسىتىش، ئارىغا ئالماسلىقتەك سەلبىي مۇئاسىۋەتلىرىگە دۇچار بولۇپ تۇرغان.

10) «قارا ئۇستىخان»لارنىڭ گۇۋاھ - شاھىدلىقى، ئىبادىتى، ئۇلۇغ - چوڭلىرىنىڭ ھەر خىل ۋەز-نەسىھەت، ئەخلاقىي تەرغىباتلىرىنى ... «قارا» دەپ قاراش، كارى بولماسلىق، زاراتگاھلىقلىرىغا دۇئا قىلماي ئۆتۈش ... چاقىرسا بارماسلىق، كەلسە چاقىرماسلىق ... قىلىقلىرى ئىزدىم قىلىنغان ۋە ئادەت ھېسابلانغان.

بەزىبىر مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، ئۆردى خوجا مىلادى 1757- يىللىرى ئەتراپىدا قارا قورۇم تاغلىرىدىكى «قارا قۇز»، «بورقۇم»، «چىراغلىق ئەۋلىيا» ... مازارلىرىدا جاي تۇتۇپ، «شەيخۇل ئەقتاب»لىق قىلىپ، بۈتۈن مۇسۇلمانلارنى «دۇئا»سى بىلەن ئېچىپكە كىرگۈزۈپ (ئاغزىغا قارىتىپ) تۇرغان چاغلىرىدا ھەر يىلى بىر قېتىم بۇ مازارلارغا ئىستىقامەت قىلىشقا تۈپلىشىدىغان رىياكارلارنى «يەتتە قارابالا»غا نىسىپ بولغان «قارايۈز» — «قارا ئۇستىخان»لاردىن پەخەس بولۇشقا دالالەت قىلىپ تۇرغان ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ئۇدۇلباشلىق «مۇرت» ئېلىپ، «مۇرت»لىق مەجبۇرىيەتلىرىدىنى «قارا بالا»لەرگە دائىم لەنەت ۋە زېپتە ئاتا قىلىپ ئۆتۈش نەتىجىلىرى بىلەن ئادا قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ ۋە ئىجاۋەت دۇئا مەزمۇنى قىلغان. بۇ يەردە تەكىتلەنگەن «يەتتە قارابالا» — ئەمەلىيەتتە يۈزى قارا، تەقدىرى قارا، ئەۋلادى قارا، ئەجدادى قارا، يېرى قارا، رىزقى قارىلار ئۇقۇملىرى «قارا ئۇستىخان» ئاتالغان بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزغا تىلەنگەن نەسلىنىك، بەد بەختلىق دەۋرلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۆزىنى «ئەۋلىيا»، «ئىسلام ھۆكۈماسى»، «ئۇلۇغ پىر» ھېسابلاپ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزگە بۇ خىل «دىنىي» تەپرىقات مۆجىزىلىرى بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان بۇ تارىخىي «ئەۋلىيا» زادى قانداق مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن؟

ئەپسۇسكى، بۇ بىرلا مىساللىرىمىزدا تەكىتلەنگەن يۇقىرىقىدەك تەپرىقلاتچىلىق ئادەتلى-رىنىڭ قەبىھ ساقىندى داۋامى بىر قىسىم قارا قورۇملۇق يارانلىرىمىز ئارىسىدا ھازىرقى بەيتلەرگىچە ئۇلا جاھىل «ئادەت»— «خەلق ئادىتى»، «ئەنئەنە»، «دىنىي ئادەت»... بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنى 18- ئەسىردە ياشىغان تۇردى «ئەۋلىيا»نىڭ ئىككى ئەسىردىن كېيىنكى «دىنىي» قۇدرىتى، «دىنىي» يولىنىڭ داۋامى، «ئادەت» شەكلىدە داۋاملىشىۋاتقان مەرەز - مىراسى، مىللىي تەركىبىمىزدىكى قاباھەت داغلارنىڭ بىر تۈرى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 3. قۇيۇندىن كەلگەن «ئەۋلىيا»

بىلىدىمكى، نادىنى زەھەر چاچماقتۇر،
يىلاندىن بولىدۇ بىردەم خاتىرجەم.
ئۆزىنى دوست كۆرسەتكەن دۈشمەن چىشلىسە،
ئۇنىڭ چىش زەھىرىگە تېپىلماس مەلھەم.
. . . . . . .

سەئدى شىرازى

تۇردى خوجا مىلادى 1740- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1750- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قاراقورۇم، پامىر تاغ ئاھالىلىرى ئارىسىدا تەپرىقات «پىر»چىلىقى بىلەن كۈچ توپلاپ، قەشقەرىيەنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەش كويىدا بىلەن 1758- يىلى يازدىن ئېتىبارەن مانجۇ خانلىقىنىڭ قەشقەرىيەنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان قوماندانى جاۋخۇي كۈچلىرىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن. خۇددى ھۆرمەتلىك دۇئەلىمپجى داچۇن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1980- يىل 19- ئىيۇن سانىدا تەكىتلىگەندەك: «چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قاراسۇ دەرياسى بويىدا 40 كۈن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قالغان ... دا ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ... چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ ... قاتتىق زەربە بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن زور يارەم بېرىپ ...» قىممەتلىك تۆھپىلەر يارىتىپ تەلتۆكۈس ئەل بولغان. «بورقۇم ئەۋلىيا»دا كۆرسىتىلىشىچە: تۇردى خوجا كۈچلىرى ئەل بولۇش مۇراسىمىدا جاۋخۇي ھەزرەتكە 1000 ئاتلىق ياساۋۇل، 2200 دىن جىققىراق «غالچا» قول (ئەسىر ھېسابىدا-ئا)، 10 مىڭ باش قوتاز، 40 قوتان قوي - مال، 40 تالقاندان (تالقانداك — گۈللۈك تېرە خورجۇن بولۇپ قوتاز، كالا تېرىلىرىدىن ئەيلەپ تەييارلىنىدۇ - ئا) ئېرىق مال ... (ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت - ئا)، زۆرۈر بولغان مۇلازىم چاكار چوكان، مىراقۇل خېنىم ئەتچىلەر، ئۈچ يورۇشلۇك ھەربىي كارۋان قوشلىرى ... تەۋەلىك سوۋغىتى- ئەمەلىيەتتە ھاردۇق سوۋغىتى تەقدىم قىلىپ، مەڭگۈ پەرمان بەردىلىق بىلەن ئەل ۋە تەۋە بولغانلىقلىرىنى مۇسۇلمان قەسىمى شەرتى بىلەن ئادا قىلىشقان. تۇردى خوجا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھ شېرىكلىرى ھەزرىتى جاۋخۇي كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە، يۇتۇن زېمىن، ئېتىبارلىرىنى ئەنە شۇ جاۋخۇي ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا تەلتۆكۈس بېغىشلاش ئۇرۇنۇشىدا يەنى 1758- يىلىدىن 1759- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئازغىنە ئىككى يىللىق زوراۋانلىق ئۇرۇنۇشلىرىدا ئەڭ نوقتىلىق ھالدا، بىرىنچىدىن، «مەشھۇدىيىتى ئىشقىيە»چى- «ئاق ئۇستىخان»لار (ئەمەلىيەتتە «ئاق تاغلىق»لار - ئا) دېنىي، سىياسىي كۈچلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن دۈشمەن قەۋم ھېسابلىغان «قارا ئۇستىخان»لار (ئەمەلىيەتتە «قارا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قاغىلىق»لار - ئا) نى ئىنتايىن رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغان، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان. خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا»دا: «... قارا قۇزلۇق قارا ئۇستىخانلارنى ھىجرىيە 1172 - يىلىدىن (مىلادى 1758 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ - ئا) ئەمرادەت قىلىپ باشلاپ بىر قانە «قارا يانتاق»، «قارا چۆل»، «قارا بويىتاق»، «قارا چىمەن»، «قارا دۆۋە»، «قارا جىلغا»، «قارا ئاپا»، «ئاپەت بۇلۇڭ»لاردا ھەر ئازىندا بىر نەۋبەتتىن قەتلىئام قىلىنىدىغان ھادىسە ۋەدىش (ئادەت - ئا) قىلىنىدىلەر ... رىزقى، تۇرۇق، پەرزەنت، رەپىقە، خانە - بىسات، مۈلكى ئارامىلىرىدىن خارىج بولۇشقا ئېسىپ قىلىنغان قاچىما رەئىيىيە قارا ئۇستىخانلار تۇردىش خوجىنى «خوجا خۇنخور خوجام»، «قۇرتقۇ ئەۋلىيا» ... دەپ ئاتاپ ئېردىلەر ... ئول زاتنىڭ دۇئالىرى مۇستەجىپ (ئىجاۋەت)، مەنىيەت مۇرادى ھاسىل، كەيپلىرى چاغ (خۇشال دېمەكچى - ئا)، ئامەت، پەسالەتلىرى ئېشىپ رازى ۋە رازىمەن بولغان ئېردىلەر ...» دېيىلگىنىدەك بولغان. تارىخىي دەلىللەرنى تۇتقا قىلىپ شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، تۇردى خوجا ۋە ئۇ بېقىنغان دانجۇ - جاۋخۇيى چېرىكلىرى مىلادى 1758- يىلىدىن ئېتىبارەن بىر مەزگىل قەشقەردىمە ئۆز ھۆكۈمرانلىقلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ھەرقانداق شەپىسىنى سەزسىلا رەھىم - شەپقەت دېگەننى قايرىپ قويۇپ، ئەلتۈكۈس قىرغىن قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقان يەنى «تۇتۇپ بېرىش مەندىن، جىمىقتۇرۇش سەندىن» قىلىشىپ، خەلقى - ئالەمگە چۆچۈتۈش قىرغىنچىلىقىنى ئادايەن قىلىشقان. ئۇ خۇنخورلارنىڭ شۇ چاغدىكى قىرغىنچىلىق پاجىئەلىرىنى ئەنگلىيەلىك چارلىز. بولگىر شۇنداق تەسۋىرلىگەن: «... مۆلچەرلىنىشچە، مۇشۇ ئۇرۇشتا ئاز دېگەندە 500 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى بىگۇناھ ئاھالە ئىدى. بىز گەرچە بۇ سانىنى ئۆپ ئاشۇرۇۋېتىلگەن دېگەن قاراشقا مايىلراق بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق ... ئۇلار جەڭ قىلغاندا كۆپىنچە دىنىي خۇنخورلۇق تۈپەيلىدىن تېخىمۇ رەھىمسىزلىشىپ كېتەتتى ...» («ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمىھالى» 69- بەت). بۇ قىرغىن خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا»دا تەكىتلىنىنگەندەك، ئاساسەن «قارا ئۇستىخان» رەئىيەلەرگە «قاتار ئەجەل، قۇرۇتتۇ زادان ...» قىرغىنى بولغانىدى.

ئىككىنچىدىن، تۇردى خوجا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مىلادى 1758- ۋە 1759- يىللىرى ئىچىدە ئەسلى «قارا تاغلىق» خوجىلار «ئۇۋا»لىرى ھېسابلىنىدىغان يەنى تۇردى خوجىنىڭ تىلى بىلەن ئاتىغاندا «قارا زېمىن» ھېسابلىنىدىغان زەرەپشان، خالاستان باش ۋادىلىرى بىلەن دولان سەھرالىرىدا (ھازىرقى قارا قۇرۇم، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، پوسكام، مارالبېشى ... تەۋەلىرىدە - ئا) ئىنتايىن چوڭ كۆلەملىك بۇزۇپ چېقىش، كۆيدۈرۈش، قۇرۇتۇۋېتىش، «ئۇۋا بۇزۇش» ھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تارىختىن بۇيان مىللىي مېمارچىلىق، مىللىي مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ... بويىچە ئالاھىدە نەمۇنە بولۇپ تۇرغان ئادرېس ئورۇن ۋە شەھەر، بازار، كۆچۈم قۇرۇلمىلارنى ئاساسەن ۋەيران قىلىپ تاشلىغان. «... ھىجرىيە 1172- يىلىدا بىر قانە ئۆتمۈشتە ئۇلۇغلار چاقارلىرى («ئىناقىيە»چى چوڭ خوجا - ئىشانلار جىقراق يانى مەركەزلىك ئورۇنلاشقان كەنت - مەھەللىلەر - ئا)، ئەزىزلەر قەدەم جايلىرى، مازار - تۈنەك خانىلىرى، شەھەر، بازارلار، خانىلەر، ھويلا، باغ - ئارامىلار، لەڭگەر، ئارامگاھلار، سەيياھگاھلار، قىبلىگاھلار ... مەكتەپخانىلار، مەسچىت، خانىقالار ... كوھىقاپ كەبى گۆر - گۆرۈستانلىق، شۇم قۇشلار ماكانلىرى، خارابە جىن - دىۋە ئۇۋىلىرى ... گە ئۆزگەردىلەر ... نامىلىرى «چىلتەن بۇزرۇكۋار»، «ئىمام بۇزرۇكۋار»، «كۆچتى ئاۋامىلىم»، «جەندە ئاۋامىلىم»، «سۇلتانىم»، «زۇنلان»، «ئالتۇن بۇزرۇكۋار»، «پاستۇن»، «يار كەند»، «تۇتقۇز سارايى» ... توقان توققۇزدۇر ... («بورقۇم ئەۋلىيا»دىن). دېمەك، تۇردى خوجا ئاپپاق خوجىنىڭ خۇنخور ئىددىيىسىگە چېكىدىن

ئاشۇرۇپراق ۋارىسلىق قىلىپ، خاس باش ئارىم ۋادىسىدىكى يەكەن ئوزلەڭلىكى تەۋەلىكىدە بولغان يۇرتلاردىن يۇقىرىدىكىدەك 99 شەھەر، كەنت، مەھەللە، مازار، لەڭگەر، دىنىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي، سودا، ھۈنەر، كەسىپ ئۇقتىلىرىنى يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈۋەتكەن.

تارىختا ئۆتكەن بۇ ئاجايىپ خىسلەتلىك «ئەۋلىيا»نىڭ ئۆمرىدىكى نىيەت - ئەپسانىلىرى ۋە تەقدىرى قىسمەتلىرى توغرىسىدا قارا قورۇم چوپانلىرى ئارىسىدا مۇنداق بىر تارىخىي - دىنىي رىۋايەت ساقلىنىپ كەلمەكتە:

## رىۋايەت

«... ئەسىرلەر زامانلارنىڭ بىرىدە دىۋان بورقۇم مازارىدا ئەزەلزامانىدا تەقدىرى ئىرادەت بىلەن مۇبارەك ناملىرىنى ئىشقى پەرلىقتا ئاشكارىلىغان بىر تويۇق ماشايىق ئاپىرىدە بولغان ئېردىلەر ... يەردىن ئۈنگەن ۋە پاكى ئاسماندىن چۈشكەنلىكى ھەۋەسىز. ئەزىزلىكى زىيادە، بىسات ئانا ئەت، ھىيلە - مەكىرگە پاساھەتلىك، شەيتانلىرى غالىپلىك ئېردىلەر ... بىر مەھەل بىتاھارەت زېمىن باسماي، تىللىرىدىن ئىمان، دىللىرىدىن ئاللاھنى خارىج قىلماي، يەكدىل خۇدالىقتا ئۆتۈپ، ئاللاھدىن بەندىلەرگە ئىمان، رىزقى، قانائەت، دىيانەت، ئىنساب ... تىلەپ، دىنغا راۋاج، مۇسۇلمانلارغا ھەر ئىككىلا ئالەمنىڭ نىجاتلىق تەلەپىدە بولغان ئېردىلەر ... كۈنلەر، ئايلار، يىللار، ۋە ئەنەلەر ئۆتۈپ بۇ زاتنىڭ دۇئالىرى مۇستەجەب بولۇپ (تەۋم - يارانلىرى ئېيتىپ، نۇسبەتلىرى ئېيتىپ ...) تۇرغان خاسىيەتلىك ۋاقىت - زامانلارنىڭ بىرىدە ئالەمەت تەمالىرى نەچچە كەزتۇرلەپ بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ئولۇغلۇقىنى خاس ئەلكىدە تۇتىماقلىقتا تەرەددۇت قىلادىلەر ... ئەل ئۆزىدىن، ئىنسى - جىن، ئۇچارلىق، تىنالىقلار قەدىمىي يەتمىگەن ۋە چۈشمىگەن پاك، خاس پىنھان جاينىڭ بىر چېتىدە قىزغانچۇقلۇقتا خاس نۇرانە ئون ياشلىق ئوغلى، ئىمانى كامىللىقتا تەڭداشسىز خۇدايى مەسكەن پاك خاتۇنىنى يانلىرىغا ئېلىپ بىر تەن، بىر جان ھالەتلىرىدە ئاللاھدىن يەتتە شەھەر نۇسبەتىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈردىلەر ... دۇئا كۈن، تۈن، يەتتە كېچە - كۈندۈزگە قارار تاپتىلار ... ئۈچىنچى كېچىلىرىنىڭ بىرىدە غايىبتىن: «دۇئادىن مۇددىئا نېمەدۇر» دېگەن ئاۋاز نازىل بولدىلەر. بۇ زات: «ئاللاھنىڭ خالىسا ئۆز ئىلتىپاتىدىن تىلەيدۇرمىز. مۇددىئايىمىز بولەك ھەممە مەخلۇقاتقا مەخپىيدۇر ....» دېدىلەر. يەنە يەتتە كۈن ئۆتتىلەر: «ئەي ئىنسان مەن تەڭرىدۇرمەن، دۇئايىڭنى بايان قىل» دېگەن ئاۋاز يەنە نازىل بولدىلەر. بۇ ئاۋاز ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مۇبارەك ئۈنى ئېردىلەر. ئول زات: «خاتۇن كىشىنىڭ دۇئاسى بۇرۇن ئىجابەت بولۇر، نۇسبەتنى سەن تىلەپ تەڭرىدىن تىلىگىنىڭنى ئال» دېدىلەر. خاتۇن دۇئاغا كۆتۈرگەن قولىنى يەنىمۇ يۇقىرى قىلىپ: «ئەي خۇدايا خۇداۋەندە، 18 ياشلىق باھار ۋاقتىمنى قولۇمغا بەرگەيسەن» دەپ تىلىدى. تەڭرى قوبۇل ئۆردى. 18 ياش باكىر مومايى قىز قىلىپ قويدى ھەم كۆز ئالدىدىن 25 ياشلىق كارۋان بېگى يىگىتنى ئۆتكۈزدى. مومايى قىز شول يىگىت ئىشقىنىڭ ئارقىسىغا مىنىپ، ئۆمۈرلۈك روزىغاردىن (ئېرىدىن - ئا)، پەرزەنتىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇ شول يىگىت بىلەن كەتتى. دۇئا - تىلەك نۇسبىتى ھەزرىتى ئىشقى پىرىشا كەلدى: «ئەي خۇدايا، بىر ئۆمۈرلۈكتى بەدىن بولغان بۇ لەنىتى خاتۇننىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز ئالدىمدا تۇڭگۇز سۈرىتىگە مۇبەددەل قىلىپ بەرسەڭ، سەندىن رازىدۇرمەن» دەپ تىلىدى. خۇدا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى دېگىنىچە لايىق ئورۇنداپ بەردى. ئىلاھ دۇئاسى ئون ياشلىق نارەسىدە ئوغۇلغا كەلدى. ئوغۇل: «ئەي خۇدا، سوت بېرىپ چوڭ قىلغان ئانامنى ئەسلى ئادەملىك ھالىغا كەلتۈرۈپ بەرگەيسەن» دەپ تىلىدى. خۇدا تىلىگىنىنى قىلدى. بۇ ئۈچ دۇئا كۈيى بىر رەتتىن دۇئا نۇسبەتىنى قولدىن كەتكۈزدى. تەڭرى ئۇلارنىڭ نىيەت - ئەپسانىلىغا غەزەپ ئاتا قىلدى: (قەدەملىرى ئاستىدىن قارا قۇيۇن ئۇچۇردى) قارا باش ئىدىرىدە (يىگىتلارنىڭ قارا باش ئىدىرلىقى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك - ئا) قارا دېۋلەرگە خار - زار مەخلۇق ھەمراھ ئەيلىدى. مۇنەججىملەر شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ ئىشقى پىر زاتنى قۇيۇن ئەۋلىيا (قۇيۇندىن پۈتكەن ئەۋلىيا) دەپ ئاتايدىغان، ئۇ ماكان ئوتقان ئىدىرنى «قۇيۇنلۇق»، «قۇيۇن يار» دەپ ئاتايدىغان ئادەت ئالەمگە يېيىلدىلەر ...»

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




## نەسىرلەر

ئىبراھىمجان ئايۇپ (ساقچى)

### ئادان ۋە تەخسىكەش

ئۇ ئۇخلىغاندا مۈشۈكنى كۆرگەندەك بول-مەن. ئۇ ئويغانغاندا ئىتنى كۆرگەندەك بو-لمەن.

### ئىناقلىق

ئادەملەر يۇلتۇزدەك ياشاشنى بىلگەندە ئاندىن قۇياشقا چىقالايدۇ.

### خىتاب

قۇملار بېسىۋاتىدۇ، تەكلىماكان يىغلا-ۋاتىدۇ...

### سۆيگۈ

مەن يىراقلاردىن ئانامنى ئىزدەيمەن، تا-پالمىدىم، كۆكسۈمنى تۇتسام ئۇ مېھرىدە-دىكەن...

## شېئىرلار

غەيرەتجان غوپۇرى (ئوقۇغۇچى)

### جانان

ئۇ — ئوي - پىكىرىمنىڭ باھارى،
ئۇ — ھاياتىمنىڭ ئىلاھى.
بىراق بار،
سانسىز ياش يۈرەكتە گۇناھى.

### تارىخ ناخشىسى

تاغنى چۈشەپ ئۆلگەن قەھرىمان،
تاغ چۈشىگە كىرمەكتە ھامان.

### باھار پەلسەپىسى

ئاسمان تۆكىدۇ ياشلىرىنى،
زېمىن تارايدۇ چاچلىرىنى.

### يوپۇرماق لىرىكىسى

شەپىسىز پىرقىراپ،
كەلدى بىر شامال
بىر تال يوپۇرماق چۈشتى ئىغاڭلاپ.
چۈشكەن يېرىدىن،
چىقتى ياش قايناپ.

### بوۋاق ۋە ئارمان

تۇغۇلغان بوۋاق،
ئۆلسە ئەگەردە
كىشىدە بولىدۇ سەۋرە.
تۇغۇلغان ئارمان
ئۆلسە ئەگەردە
يۈرەكتە قالىدۇ قەبرە.

### نەسپىيىلىك ناخشىسى

ئادەم تۇغۇلسا،
كۆمۈلەر ئالەمگە.
ئالەم تۇغۇلسا،
كۆمۈلەر ئادەمگە.

### ئانا

ئانا!
ئاق سۈتۈڭنى كۆرگەندە،
جەننەت ئېرىقىدىكى سۈت
كېتەرمۇ تاتىرىپ؟!

* * *

بۆشۈكتە،
تېلىقىپ، كەتسەم يۆتىلىپ
ئاسماندىن،
چۈشۈسەن تۆكۈلۈپ!

* * *

ئۇزۇۋېلىپ،
يۇلتۇزلىرىنى ئاسماننىڭ
ئاستىڭ،
تۇمار قىلىپ بويىنۇمغا.

* * *

قىسۇۋېلىپ،
قۇياشنى قولتۇقىڭغا
كىرگەنىمدەك
ئۆيلەرگە ئانا؟!

* * *

كەلسەڭ،
تاۋاب ئەتكىلى
قەبرىستانلىققا ئوغلۇڭنى
تىترەپ كەتتى قەبرىلەر.

## شېئىرلار

تۇرسۇن مۇسا (ئوقۇغۇچى)

### ئاتا

شادلىقىنى سۈردۈم ئالەمنىڭ،
بالىلىقتا بوينۇڭغا مىنىپ.
قىسمىتىنى كۆردۈم ھاياتنىڭ،
غۇۋالاشقان كۆزۈڭگە بېقىپ.

### تەگرىتاغ

— تەگرىتاغ
بەستىمۇ سەن ئاتامنىڭ؟
كۆكسىمۇ سەن ئانامنىڭ؟!

### بوۋاق

يىغلىما،
يىغلىما بوۋاق
يىغلىۋالسەن بىر كۈنلىرى...

### ھەسرەت

كۆزلىرىمدىن يامرىغان دولقۇن،
بالقىپ ئۆتكۈر قىيا تاشلاردىن،
ھاسىل قىلدى زىناقلىرىمدا
تۇزلۇق كۆللەرنى...

### ئاھ... نىگار

ئەنۋەر سەۋۇت (ئوقۇغۇچى)

سۆيۈۋالىم بوپتىكەن ئەسلى،
بۆشۈكتىكى بوۋاق چېغىمدا.

## ئۆزۈلمەس ھۆرمەت

مۇھەممەت تەشنائىي

مەن ئىگىلسەم ئۇستازىمغا ھۆرمەتتە،
ئۇ ئىگىلەر بىر قەبرىگە ھەسرەتتە.

## مەستلىكىمدىن...

ماھمۇت مۇھەممەت

بۇ دۇنيادا
نامراتلىق،
كېسەل،
ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايمەن ھەتتا.
ئەجەل كەلسە
قورقماقلىق تۈگۈل،
يىغلىساڭمۇ
تېپىلماس داۋا.

بۇ دۇنيادا
بىرلا نەرسىدىن،
مەستلىكىمدىن
قورقىمەن پەقەت؛
مەستلىكىمدە دېگەن گېپىمدىن،
مەستلىكىمدە قىلغان ئىشىمدىن،
مەستلىكىمدە ماڭغان يولۇمدىن،
مەستلىكىمدە سوزغان قولۇمدىن...
مەن قورقىمەن،
شۇلاردىن
قەۋەت...




## خوراز

م. كرۇسوۋ

مەن بىر ھېكايە يازدىم ۋە ئۇنىڭغا «خوراز» دەپ ماۋزۇ قويدۇم. مېنىڭ بۇ ھېكايىنى يېزىشىمغا تولۇق ئۈچ يىل ۋاقىت كەتتى. ئۆزۈمچە ھېكايە يامان ئەمەس چىققانىدى، ئىشقىلىپ ئۆزۈمگە ناھايىتى ياردى. ئوبزورچىلار (ۋاقتىنچە پەقەت ئىچكى قىسىمدىكى ئوبزورچىلار) مۇ خېلى ماختاشتى. مەن بۇ ھېكايىنى بىر ژۇرنالنىڭ ھېكايە تەھرىر بۆلۈمىگە ئېلىپ باردىم. تەھرىر ھېكايىنى ئوقۇپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

مېنىڭ ھېكايەم ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىش پەلەمپىيىدە قەدەممۇ — قەدەم يۇقىرى ئۆرلەيدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. دەسلەپتە ئۇنى بىر مۇئاۋىن باش تەھرىر كۆردى. ئۇ، ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن باش تەھرىر كۆردى. ئۇ، ھېكايىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قوللىرىنى كەڭ يېيىپ: «قالتىسكەن! ژۇرنالغا بېرەيلى!» دېدى.

شۇنداق ئوبدان ئەسەرنىمۇ ئىشلەتمەيدىغان ئىش بولامدىكەن! خوراز ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنى خوراز دېمەي توز دېسىلا بولاتتى. قاراڭ: قۇيرۇقلىرى گۈزەللىكتە ھەسەنھۈسەننى خىجىل قىلاتتى؛ تاجلىرى بەدىنى مەخمەل تۇغقا ئوخشايتتى؛ ئېگىكىدە ساڭگىلاپ تۇرغان گۆشلىرىچۇ... مەن ھەتتا ئۇنى نېمىگە تەڭلەشتۈرۈشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. قىسقىسى، خوراز شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، ئۇنىڭ تەققى - تۇرقى، قۇۋۋەتلىك پۇتلىرى ئاجايىپ گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئىنتايىن نۇقسانسىز ئىدى.

— بىز ئۇنى ژۇرنالغا بېرىشكە كېلىشتۇق، — دېدى باش تەھرىر، ئارقىدىن يەنە قوشۇپ قويدى، — بىر يىلدىن كېيىن.

— ساقلىسىڭىزمۇ ئەرزىيدۇ، — مۇئاۋىن باش تەھرىر ماڭا دەرھال تەسەللى بەردى، — ساقلاپ تۇرۇڭ. بۇنى بىزنىڭكىدەك بۇنداق ژۇرنالدا ئېلان قىلىش ئاسان ئەمەس جۇمۇ! بىراق، سىزنىڭ خورىزىڭىز پەقەت بىزنىڭكىدەك مانا شۇنداق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىشقىلا لايىقكەن!

نېمە ئامال؟ ساقلىسام ساقلاي.

ئېلان قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، مېنىڭ ئەسىرىم ئەندى يەنە پەلەمپەي بويلاپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەن خورازنى يوقلاپ باردىم. ئۇ تېخى ھاياتكەن. تەھرىرلەر بىلەن كۆرۈشۈۋېدىم، بىرەيلەن ماڭا:

— يەنە يېرىم يىلچە ساقلاپ تۇرۇڭ، بىر يىل ساقلىغان يەردە يېرىم يىل دېگەن نېمىتتى...، — دېدى.

يېرىم يىلدىن كېيىن مەن يەنە بېرىپ



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم:

— مېنىڭ خورىزىم قانداق بولىدىكىن؟

— خورىزىڭىز ھايات! تېخى ھايات! ئەمما، سىز يەنە بىردەم يەل.ساقلاپ تۇرسىڭىز . . .

ئەڭ ئاخىرى ھېكايە تەھرىر بۆلۈمى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ماڭا ئۇقتۇرۇش قىلدى:

— ئەندى بولدى، ھېكايىڭىزنى ژۇرنالغا بەرمەكچىمىز. بىراق،...بىراق، ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىسى بەك كىچىكلىك قىلىۋاتىدۇ، سىزنىڭ خورىزىڭىز بەك يوغانىكەن!

— قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىۋېتەيمۇ-يە؟

— قاراڭا سىزنى، گەپنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغىچە چېپىلغىلى تۇردىڭىزغۇ؟ بېشىنى كېسىۋېتىپ نېمە قىلىمىز؟ قۇيرۇقىنى كېسىۋەتسىڭىزلا بولىدۇ. خوراز ئۈچۈن بۇ پەيلەرنىڭ نېمە كېرىكى؟ بىزگە ئەڭ كېرىكى ئۇنىڭ گۆشى-دە!

مەن ئىلاجىسىز خورازنىڭ قۇيرۇقىنى قىرقىۋەتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامال بار ئىدى؟ بۇنىڭ بىلەن ئەسىرىمنىڭ قولىيازمىسى يەنە پەلەمپەي بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. بىر مۇئاۋىن باش تەھرىر ھېكايىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن گەپ قىلدى:

— بولمايدۇ، ژۇرنال سەھىپىسىگە يەنىلا پاتمايدۇ. ئۇنىڭ تاجىسىنىمۇ ئېلىۋەتسىڭىز بولارمىكىن، ئۇنىڭغا تاجىسىنىڭ نېمە كېرىكى! ئېگىكىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان گۆشلىرىنىمۇ ئېلىۋېتىڭ. بۇلار گۆش ئەمەس، نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئىشقىلىپ ھەممىسى ئارتۇقچە نەرسىلەر.

نېمە ئامال؟ مەن بۇلارنىمۇ ئېلىۋەتتىم.

ئاندىن قولىيازما يەنە يۇقىرىغا ئۆرلەپ، يەنە بىر مۇئاۋىن باش تەھرىرنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇ، خورازنىڭ پۇتىدىكى (پۇت بېغىشىدىكى) ھۆررەك جايىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مۇنۇنى چاناپ ئېلىۋېتىڭ. ئۇنىڭ خورازغا نېمە پايدىسى بار؟ ئۇ، خورازنىڭ مېڭىشىغا كاشىلا سېلىش رولىنىلا ئوينايدۇ، خالاس.

مەن خورازنىڭ پۇتىدىكى ھۆررەكنى چاناپ ئېلىۋەتتىم. ئەسەر يەنە يۇقىرى ئۆرلەپ باش تەھرىرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

باش تەھرىر خورازنى ئىنچىكە كۆرۈپ چىقىپ، قاناتلىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى.

— ئۇنىڭ چوڭ پەيلىرىنى يۇلۇۋېتىڭ، خورازنى بۈركۈتكە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ ئۇ ئۇچالمايدۇ. شۇڭا ئۇچۇشقا ياردەم بېرىدىغان پەيلەرنىڭ ئۇنىڭغا كېرىكى يوق. شۇنى يۇلۇپ ئېلىۋەتسىڭىزلا ئورىگىنالنى دەرھال تىزىشقا ئەۋەتىمىز.

— تېز يۇلۇۋېتىڭ! — ئىككى مۇئاۋىن باش تەھرىرمۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇپ بەردى، — بۇ پەيلەرگە ئىچىڭىزنى ئاغرىتىپ ئولتۇرماڭ. يۇلۇپ ئېلىۋەتسىڭىزلا ژۇرنالغا بېرىمىز. يۇلۇۋەتسىڭىزلا تىزىشقا ئەۋەتىمىز دېدۇققۇ؟

پەيلەرنى يۇلۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىسىمۇ چىداپ تۇرۇپ بىچارە خورازنىڭ قانىتىدىكى پەيلەرنى پۈتۈنلەي يۇلۇپ ئېلىۋەتتىم.

مۇشۇنداق قىلمىسام ھېكايەم ئېلان قىلىنمايدىغان تۇرسا، نېمە ئامال؟

بولدى، بولار ئىش بولغانىدى. ماڭا سىگنالنى كۈتۈپ تۇرۇشلا قالغانىدى.

بىراق، تەھرىر بۆلۈمىدىن يەنە ئۇشتۇمتۇتلا تېلېفون كەلدى.

— ھاياجانلانماڭ! — دېدى ئۇلار تېلېفوندا، — خورىزىڭىز ساق-سالامەت تۇرۇپتۇ. پەقەت . . . بىزدىكى خورازنىڭ ھېلىقى . . . ھېلىقى، نېمە دەيتتى ئۇنى، ھېلىقى نېمىسىنى ئېلىۋەتمىسە بولمايدۇ، دېگەننى ئىنكاس قىلىشىۋاتىدۇ. كەچۈرسىڭىز.

بۇ گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىشقىمۇ ناھايىتى سەت . . . ئۇنداق قىلمىسىڭىز، خورازنى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىز ھېلىقى نەرسىنى ياقتۇرمايدىكەن!

— ئۇ نېمىسى بولمىسا، ئۇنىڭ خورازلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ — مەن تولىمۇ ھەيران بولدۇم، — ئۇ دېگەن قوشقار

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، خوراز تۇرسا!

— بىلگىلى بولۇۋېرىدىغۇ...

— بىلىپ قويۇڭ، بۇنداق قىلساق ئۇ خوراز بولماي قالىدۇ، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ...

— توغرا، ئۇ شۇ تاپتىمۇ خوراز بولماي قالدى، — تەھرىر گېپىمگە قوشۇلغانلىقىنى ئىزھار قىلدى، — بىراق مېكيانمۇ ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

— مېكيانمۇ بولمىسا...

— ئۇنداق بولسا ھېكايىنىڭ نامىنى «خورازمۇ ئەمەس، مېكيانمۇ ئەمەس» دەپ ئۆزگەرتسەك قانداق؟

— بوپتۇ، شۇنداق دەپ ئۆزگەرتەيلى! — دېدىم مەن، — مۇشۇنداق بولغاندا ئېلان قىلغىلى بولارمۇ؟

— شۇنداق قىلمىساق، سىز قانداق قىلىسىز؟

## بىۋاستە تەسىرات

ي. دروبىتس

ئالتۇن كان ئىشچىسى كوزدۇۋاگېن ئىشخانىسىدىكى ئۆي جاھازلىرىنى چېقىپ ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، بىر مۇنچە پۇلنى سىققىملىغىنىچە تام مەش تەرەپكە قاراپ ئۆمىلىدى.

— ئاپپاراتنى توختات! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى رېژىسسور، — زادىلا قاملاشمىدى!

ئارتىس سېمېيونوۋ خىجىل بولغان ھالدا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

رېژىسسور ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى:

— سېمېيونوۋ ئەزىزىم، بۈگۈن نېمە بولدىڭىز؟

— مەندە بۇ جەھەتتە بىۋاستە تەسىرات يوق، گىرىدكورى. مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا بۇنداق ئىش زادىلا بولۇپ باقمىغان. بىۋاستە تەسىرات بولمىسا، بۇنداق رولنى ياخشى ئوينىغىلى بولمايدىكەن.

— بۇنىڭ بىۋاستە تەسىرات بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ سىز ھەتتا ئەڭ ئەقەللىي ۋەزىپىڭىزنىمۇ ئېنىق ئاڭقىرالمايۋاتىسىز. گويا ئاساسىي ئويۇن مۇشۇدەك ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جان - جەھلىڭىز بىلەن كۈچەپ تۇرۇپ ئۆي جاھازلىرىنى چېقىۋاتىسىز. ئەمەلىيەتتە ئاساسىي ئويۇن بۇ ئەمەس، پۇلنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈش. ناھايىتى يىرگىنىپ تۇرۇپ پۇللارنى ئوتقا تاشلاش، قەدىرلىكىم، بىلدىڭىزمۇ، ناھايىتى يىرگىنىپ تۇرۇپ تاشلايسىز!

— يىرگىنىپ تۇرۇپ......

— توغرا، سېمېيونوۋ. بىز بۇ ئويۇننى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايلى: سىز ئالتۇن كان ئىشچىسى كوزدۇۋاگېن، ئۇشتۇمتۇتلا بۇ پۇللارنىڭ ھالال پۇل ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدىڭىز - دە، گۇناھىدىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئوتقا تاشلايسىز، چۈنكى بۇلار ھارام پۇللار!

— راست، ھارام پۇللار، — دېدى سېمېيونوۋ تولىمۇ خۇشياقمىغان ھالدا رېژىسسورنىڭ گېپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، — ئەمما، كۆڭلۈمنى چۈشىنىشىڭىزنى سورايمەن. مەندە ھېچقاچان بۇنداق كۆپ پۇل بولۇپ باقمىغان. بايا سىز مېنى جان - جەھلىڭ بىلەن كۈچەپ تۇرۇپ ئۆي جاھازلىرىنى چاقتىڭ دېدىڭىز. چۈنكى، مەندە بۇ ھەقتە بىۋاستە تەسىرات بار. خوتۇنۇمنىڭ: ئۆيىمىزدىكى ئۆي جاھازلىرى كونىراپ قاردۇغۇسىز بولۇپ كەتتى، ئۆيگە مېھمان باشلاپ كىرىشكىمۇ خىجىل بولىدۇ كىشى، دەپ مەندىن ئاغرىنىپ يۈرگىنىگە نەچچە يىللار بولدى. مەن ئۆيدىكى جاھازلارنى ئىككى قېتىم چېقىپ باققان... مانا ماۋۇ تەرىقىدە، ئورۇندۇقنى ئېلىپ تامغا ئۇرۇپ سۇندۇرغان. قولۇمغا بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنىڭ كىرىشىگە كەلسەك...
مەندە بۇنداق تەسىرات ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان.

— قولۇمغا ھېچقاچاندا بۇنچىۋالا كۆپ پۇل كىرىپ باقمىغان....— دەپ ئويلىنىپ قالدى رېژىسسور، — ناھايىتى ياخشى بولدى! ئۇنداق بولسا ھازىرنىڭ ئۆزىدە دەل شۇ ھالەتنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىڭ! گېپىمنى ئاڭلاڭ. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى راست، سىزگە مەنسۇپ، سىزنىڭ بۇ فىلىمنى ئىشلەشكە قاتناشقانلىقىڭىزغا بېرىلگەن ھەق بولسۇن.

— زاكالەت پۇلمۇ...

— ياق، بىز بۇ فىلىمنى ئىشلەپ تۈگەتكەن بولايلى، سىزمۇ ئىش ھەققىڭىزنى ئالغان بولۇڭ. بېرىلگەن ھەققىنىڭ ئۆلچىمىنىڭ يۇقىرىلىقى تەسەۋۋۇرىڭىزغا زادىلا سىغمايدىغان دەرىجىدە بولسۇن. قاراڭ، نېمىدېگەن كۆپ بىر تاتازا پۇل - ھە! مانا، سىز پۇلغا مانا مۇنداق قاراپ تۇرۇپ كۆڭلىڭىزدە: ماڭا نېمە ئۈچۈن بۇنچە كۆپ پۇل بېرىدىمۇ؟ ئەسەر بەك ناچار، رېژىسسور تولىمۇ ئىستېداتسىز، مېنىڭ رولنى ئورۇنلىشىممۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق قول ئۇچىدا ئىش قىلغان تۇرۇغلۇق خەلقنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ پۇلىنى ئالىمىزمۇ دەپ ئويلايسىز. سىز ئويلىغانسېرى شۇنچە نومۇس ھېس قىلىپ، ۋىجدان ئازابى تارتىسىز. شۇنىڭ بىلەن سىزدە بۇ پۇللاردىن يىرگىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، پۇلغا قولىڭىزنى تەگكۈزۈشنىمۇ خالىمايدىغان ھالغا كېلىسىز. ئەڭ ئاخىرىدا بولسا ناھايىتى يىرگىنىپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئوتقا تاشلايسىز. مانا بۇنىڭ بىلەن ئىددىيىۋى ئاساس پەيدا بولامدۇ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ...

— ئۆي جاھازىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭلار! — رېژىسسور بۇيرۇق قىلدى، — پۇل قاچىلانغان قۇتىنى ئەسلى ئورنىغا قويۇڭلار. تام ئوچاقنىڭ توكىنى ئۇلاڭلار... چىراغ ياندۇرۇلسۇن!... ئاپپاراتنى ئېچىڭلار!

...كوزدۋاگىن قۇتىنى ۋاقتىدا ئۇرۇپ، پۇللارنى ئالقىنىغا ئالغان ھالدا تام ئوچاق تەرەپكە قاراپ ئۆمىلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قولىدىكى پۇلغا ئاچكۆزلەرچە تىكىلگەنىدى.

— پاشاپ كەت...، — رېژىسسور پىچىرلىدى، — مانا شۇنداق قاراۋەر، ناھايىتى ئوبدان...

كوزدۋاگىن پۇلنى ئوتتۇرىسىدىن پۈكلەپ چىرايلىق قاتلاپ بىر تاتازا قىلغاندىن كېيىن قوينىغا تىقتى، ئاندىن ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى بېسىۋالدى.

— ئاپپاراتنى توختىتىڭلار! — رېژىسسور قاتتىق ھۆركىرىدى، — نېمە بولدۇڭ؟ نېمە ئۈچۈن پۇلنى قوينۇڭغا تىقىسەن؟!

سېمېيونوۋ ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇردى. گېرىدگورىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ، سالپايغان ھالەتتە ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

— قايسىڭىزنىڭ كاللىڭىز ئېلىشىپ قېلىۋاتىدىكىن؟ — گېرىدگورى ئاغزىغا يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ئاغرىقى (يۈرەك سانجىقى)دىن ساقلىنىش دورىسىدىن بىر تالنى سېلىپ خىرقىراپ سۆزلىدى، — سېمېيونوۋ، ئېيتىپ باقىنە. سېنى ئازدۇرۇۋاتقىنى زادى قانداق ئىدىيە؟

— گېرىدگورى، — سېمېيونوۋ ئېچىلغان ھالدا خۇشال سۆزلىدى، — مەن ئۆزۈمنى بىردىنلا شۇنچىۋالا كۆپ پۇلغا ئىگە بولۇپ قالغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم - دە... بۇ پۇل بىلەن قەرزلىرىمنى قايتۇرۇپ، ئۆي جاھازىلىرىنى يېڭىۋىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم، يەنە خوتۇنۇمغا بىر جۈۋا ئېلىپ بېرىشنى... بۇ مەنزىرە قىلغىلى نەچچە يىل بولغان ئىش... ئوغلۇمغا ئۇنئالغۇدىن بىرنى ئېلىپ بېرىشنى، ئاخىرىدا تېخى دوست - بۇرادەرلەر بىلەن بىللە يىغىلىپ تاماشا قىلىشنى پىلانلىدىم... شۇڭا، ئەسەر ناچار، رېژىسسور ئىستېداتسىز، ئۆزۈمنىڭ رولنى ئورۇندىشىم ناچار، تاماشىبىنلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىش بولىدىغان تەقدىردىمۇ، بۇ پۇللارنى ئوتقا تاشلايدىغان ئىشنى مەن زادىلا قىلالمايدىكەنمەن، دەپ ئويلىدىم.

«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»نىڭ 1987 - يىل 4- سانىدىن؛

ئىسمائىل ئىبراھىم تەرجىمىسى

# چېچەن



قەدىمكى زاماندا بىر خان ئوردا ئىچىدىكى ئەقىلدارلىرىدىن قاناي چېچەن، باناي چېچەن، قاراۋۇل چېچەن، جىرەنشە چېچەن دېگەن تۆت ئەقىلدار — چېچەننى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلارغا:

— دۇنيادا نېمە ئۆلمەيدۇ؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ.

قاناي چېچەن:

— ئاسماندىكى ئاي بىلەن كۈن ئۆلمەيدۇ، — دەپتۇ.

باناي چېچەن:

— يەر-زېمىن بىلەن ئېقىن سۇ ئۆلمەيدۇ، — دەپتۇ.

قاراۋۇل چېچەن:

— ئېگىز تاغ ئۆلمەيدۇ، — دەپ گېپىنى تۈگىتىپتۇ.

نۆۋەت جىرەنشە چېچەنگە كەلگەندە، ئۇ ناھايىتى سالماق ھالدا:

— دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئىككىلا نەرسە بار، — دەپتىكەن، باشقىلار ھولۇقۇپ:

— ئۇ نېمە؟ — دەپ غەۋغا كۆتۈرۈشۈپتۇ.

جىرەنشە چېچەن چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئاي بىلەن كۈننىڭ ئۆلگىنى — كېچىقۇرۇنلۇقى پاتقىنى. يەر-زېمىننىڭ ئۆلگىنى — قار ئاستىدا ياتقىنى. ئېقىن سۇنىڭ ئۆلگىنى — مۇز بولۇپ قاتقىنى. ئېگىز تاغنىڭ ئۆلگىنى — ئۈستىنى بۇلۇت ياپقىنى. ئۆلۈم دېگەن ئاتقان ئوق، يارىتقۇچى قاپقىنى. لېكىن دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئىككىلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ، ياخشى ئادەمنىڭ شۆھرىتى، ئالىمپەننىڭ ھېكمىتى!

شۇ چاغدا ئورنىدا تۇرالماي قالغان قاراۋۇل چېچەن ئۇنى يەنە بىر سىناش ئۈچۈن:

— جىرەنشە، سەن بىلىمدار ئىكەنسەن. ئېيتىپ باققىنا، يېتىم نەچچە، غېرىب نەچچە؟ — دەپ سوراپتۇ.

جىرەنشە چېچەن:

— يېتىم بەش، غېرىب ئالتە، — دەپتۇ ھەدۇقماستىن.

— قايسى-قايسى، — دەپتۇ قاناي چېچەن.

— جىرەنشە چېچەن:

— پادىشاھسىز ئەل يېتىم، ئېگىسىز يەر يېتىم، ياقا يۇرتلۇق ئەر يېتىم، ئاڭلىمىسا سۆز يېتىم، يوقلىمىسا قىز يېتىم؛ ئەمەلدار ئادىل بولمىسا ئەل غېرىب، مەدەن قېزىلمىسا كان غېرىب، چوپان ئەسكى بولسا تۈز غېرىب، سۇغا قانمىسا چۆل غېرىب، غاز ئۆردەك قونمىسا كۆل غېرىب، چارۋا ماللا يايلىمىسا تاغ غېرىب، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

---

رەتلىگۈچىلەر: تۆكەن ئەمرە، ئىبراھىم سۇلايمان

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

www.uyghurkitap.com






«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

新疆文化（维吾尔文）

1989 - يىل 5 - سان. 38 - يىل نەشرى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. تېلېفون نومۇرى: 28055. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋىي سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1073/1 ۋەكالەت نومۇرى: 22 — 58. تىزىملانغان نومۇرى: 414. باھاسى 50 پۇڭ.